# ئىلى دەرياسى

1

1982

دەريا بويىدا

(ماي بوياق)

نۇرۇللام ئىبراھىم

ئىشلىگەن.





تۇنجى قار    (ماي بوياق)    ماۋ يۇلۇڭ ئىشلىگەن.

# ئىلى دەرياسى

# ILI DƏRYASI

1982 ـ يىل 1 ـ سان

(4-يىل نەشرى، ئومۇمى 13- سان)

# بۇ ساندا




«ئوغرى»نىڭ ئەسلىمىسى (داستان) ........ ت. ئېلىيوپ 3
كونا ـ يېڭى ئىشلار (ھىكايە) ........ م. ھوشۇر 14
تيانشان بويلاپ (سەنۇىن)........ غ. ئابدۇللا 23
ھارۋىكەش (ھىكايە) ........ ئا. ناسىر 27
گۈلچىمەن (داستان) ........ م. سەپىرى 32
يوتكىلىش يولىدا (ھىكايە) ........ ئى. ياقۇپ 40
شېئىردا چىن ھىسسىيات ۋە ئىخچام تىل بولىشى لازىم (ئوبزۇر) ........ ئە. قۇربان 43
يۈرەك نەزمىلىرى (شېئىر) ........ ئا. مەخسۇت 45
ئىلى دەرياسى (شېئىر) ........ ئى. يۈسۈپ 46
ئىككى شېئىر ........ غ. مەھەممەت 44
دوستۇمغا (شېئىر) ........ غ. رەخىم 13
ئېقىل ئەينىگى (شېئىر) ........ ئا. نەسرۇللا 48
پارتىيە ھەققىدە قوشاق ........ م. ماخمۇت 47
پۇشايمان (ھىكايە) ........ ز. تاھىر 49
ئارزۇ (سەنۇىن) ........ ئە. قۇربان 55
ھاراقنىڭ كارامىتى (چوچەك) ........ 57
ئېقىللىق يىگىت (چوچەك) ........ 58
تۇتى قۇش بىلەن شاھ (چوچەك) ........ 59
قوشاقلار ........ 62
«خۇنخاي مازار» ۋە سەكـكاكى (ماقالا) ........ س. ئومەر 66
ئورخۇن دولىتى ۋە ئۇنىڭ بەدىئى ئوبـرازى (ماقالا) ........ ش. ئومەر 69
خىجالىق (شېئىر) ........ ت. ئابلىمىت 48
ئىككى شېئىر ........ ھ. قادىر 82
ئوغلۇم ئارزۇسى (شېئىر) ........ ت. مەھەممەت 82
ئېيتىمەن ناخشا (شېئىر) ........ ئە. ھەيدەر 84
بىتەلەي (ھىكايە) ........ س. ئېفەندىيوۋا 85
يۇمۇرلار ........ 94
چاقپى دەرياسى بويىدا (سەنۇىن)........ ئا. سەۋرى 95
قاندىق قىلاي زاماندىش(شېئىر)........ ق. سىدىق 83


مۇقاۋىنى خىلىل داۋۇت ئىشلىگەن.

# «ئوغرى» نىڭ ئەسلى

## (داستان)

تېيىپجان ئېلىيوپ

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى — جۇڭگو يېڭى
دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى.»

(ماۋزېدۇڭ)

يېقىندا بىرسى مېنى «ئوغرى»① دېدى،
تەكتىمدىن ئوغرىلارنىڭ پۇشتى، دېدى.
شۇڭلاشقا ئالا كوڭۇل، غەيرى نەزەر،
يوق ئەسلا قىزىل توغقا خۇشتى، دېدى.

ئېسىمگە كەلدى شۇئان بىر چاغلىرىم،
كەتكىنىم تاقىقا «ئوغرى» ئاتاق ئېلىپ.
كىمدۇ ئۇ، نېچۈن يەنە شۇ ئاتاقنى
قويماقچى پېشانەمگە داغاق قىلىپ؟

بۇ گەپنى تەگىمىسە، تەگمەيتتىم،
كەلمەيتتى مېنىڭ گەپدان ئاتالغىمىمۇ.
دەۋالاي ئەندى، «گەپكە گەپ كەلگەندە،
قايتمىغىن،— دەپتىكەنغۇ، ئاتاڭدىنىمۇ.»

ئېسىمدە، مېنىڭ ئوغرى ئاتالغىنىم،
يىگىتلىك قۇرامىغا يەتمەي تۇرۇپ.
قالغىنىم نىمىسىدۇ بۇ ئاتاققا،
تام تەشمەي، ياسۇڭگۈچتىن ئۆتمەي تۇرۇپ.

تام تەشكەن، دېسە مېنىڭ ئەجدادىمنى،
تام ئەمەس، بوۋام سادىر سېپىل تەشكەن.
چۈنكى ئۇ، بوزەكلەرنىڭ غېمىنى يەپ،
جان تىكىپ ئەنە شۇنداق يولغا چۈشكەن.

گومىنداڭ مېنى «ئوغرى» دېدى، بىراق
يۈرىكى ئەسلى ئۇنىڭ پوك - پوك ئىدى.
ئاخىرى مەنمۇ بېرىپ سېپىل تەشتىم،
بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى كوپ، تۈرلۈك ئىدى.

---

① گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈز ۋاقتىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاپچىلىرىنى «ئوغرى» دەپ ئاتايتتى. لىن بياۋ، جياڭچىڭ گۇرۇھى زوراۋانلىق يۈرگۈزگەن چاغلاردىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاپچىلىرىنى «ئوغرى»، «بولگۈنچى» دەيدىغان بىلجىرلاشلار پەيدا بولۇپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلدى. مەن بۇ ئەسەرنى ئەشۇ بىلجىرلاشلارغا رەددىيە بېرىش مەقسىدىدە يازدىم.

☆

مىنگونىڭ ئوتتۇز ئىككى يىلى ئىدى...
«كوك ئاسمان ئاق كۈن» ئاتلىق قۇزغۇن بايراق
تىيانشاننى بويلاپ كەردى قانىتىنى،
يۈرەككە پاتتى ياۋۇز زەھەر تىرناق.

ھۇۋلىغان ئەنسىز قارا بوران بىلەن
شەر - شەرگە چېرىك دىگەن يېغىپ كەتتى.
ئىمانە توپلاپ سالغان مەكتەپ-كىمۇ
شۇ ئاچكوز قوراللىقلار تىنىپ كەتتى.

قوراللىق «پۇل»تەگلەيتتى يېمەك سوراپ،
ئاتمايلا ئالسا ئالسۇن، دەپ بېرەتتۇق.
توخۇمۇ باقالمىدۇق ئوچۇقلىقتا،
غورازلار قىچقارسىمۇ ئەنسىرەيتتۇق.

ئاتامنى ئۇرۇپ خېمىر قىلدى يايى،
سىياقنى تولىمەستىن داتلىمىدىڭ، دەپ.
ئاكامنى بىر كېچىدە تۇتۇپ كەتتى
لېنىننىڭ كىتاۋىنى ساقلىدىڭ، دەپ.

بەرگىن، دەپ ھوكۇمەتكە «گەز ئات» سېتىپ①
قاناتسىز قىلدى تالاي يىگىتلەرنى.
ھەتتاكى ئىككى ماتا تاپالماستىن،
بورىغا ئوراپ كومدۇق جەسەتلەرنى،

«كۈنمۇ بۇ؟» دىگەنلەرنىڭ جېنىغا ۋاي،
تاشلاندى قۇدۇقلارغا تىرىك پېتى.

كوك تاشقا مىندى ئارام كۈشەندىسى،
ساقچىنىڭ «باۋجيا»ئاتلىق سىياستى.②

ئاگلىدۇق ھەممە ياقتىن ئەنسىز خەۋەر،
ئاگلىدۇق ھەممە يۇرتنىڭ مۇگلىرىنى.
يەنئەندىن كەلگەنلەرنى ئۇرۇمچىدە
سولاپتۇ، ئولتۇرۇپتۇ چوگلىرىنى.

كۈچەيتتى پىرقە③ ھەدەپتە پىرىقىنى،
بازىرى قايناپ كەتتى خوراپاتنىڭ.
جاگجالغا سالدى خەقنى دەيدەيچىلەر،
دىيىشىپ: «دىلىمۇ يات تىلى ياتنىڭ»

بار ئىدى شياۋلى دىگەن بىر ئاغىنەم،
يولۇقماس بولدى ئۇيغۇر دوستى بىلەن.
ئەمەلدار بولغان ئىكەن چوڭ ئاكىسى،
ئۇينىما دەپتۇ «چەنتۇ» پۇشتى بىلەن.

ئاز سانلىق مىللەتكە بىر بەلگە بولدى،
كوچىدا ماگسا پات - پات مەگدەيدىغان.
ئوزلىرى ئادەم تۇرۇپ، بەزەنلىرى
بولۇشتى «سىگكو» دىسە «ھە!» دەيدىغان.

كوپەيدى ئەلدە دەرتمەن، دەردى ئاندىن،
ھەممىدىن «سىگكو»لار بەك دەرتمەن ئىدى.
يىرتقۇچلار ئىزامىدا ئۇنىڭ خۇنى
قۇچقاچنىڭ جېنىدىنمۇ ئەرزەن ئىدى.

قانداقمۇ كوتەرگۇلۇك، ئادەم دىگەن
دۇنياغا خورلىنىشقا كەلگەنمىدى ؟

① گومىنداڭچىلار 1943- 1944- يىللىرى چېرىكلەر ئۈچۈن ئولچەملىك ئات سېتىۋالىمىز، دەپ مەجبۇرى سېلىق سېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئات - ئۇلاقسىز قىلىۋەتتى. بۇ ئاتلار گەزلەپ - ئولچەپ ئېلىنغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا «گەز ئات سېلىقى» دەپ نام بەرگەن.

② باۋجيا سىياستى ياكى باۋجيا تۈزۈمى - گومىنداڭچىلارنىڭ مەھەللە، ئائىلىلەر بويىچە خەلقنى نازارەت قىلىش تۈزۈمى.

③ ئۇ چاغدا گومىنداڭ دىگەن نام ئۇيغۇرچىغا «گومىنداڭ پىرقىسى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۇنى قىسقارتىپ «پىرقە» دەپلا ئاتىشاتتى.

زۇلۇمغا چىدالماسلىق جىنايەتمۇ،
قوقاسقا دەسسەپ ياشاش مۇمكىنمىدى؟

قېرىلار دېيىشەتتى: دىمىق يامان،
بورانىنىڭ شەپىسىمۇ كېلىپ قالدى.
ئەندى يۇرت ئۆزلىگىدىن تىنجىمايدۇ،
بىر نۇۋەت يېغى لازىم بولۇپ قالدى..

كۆڭلۈمگە ياقىۋاتقىنىمۇ شۇنداق سۆزلەر،
بوپ قالدىم مەنمۇ شۇنداق سۆزلەيدىغان.
تاغلاردا ئوغرى پەيدا بوپتۇ دىسە،
قىزىقىپ، سۈرۈشتۈرۈپ ئىزلەيدىغان.

كوچەيدى ماراش-چارلاش بارغانسىرى،
ئاخشىمى سىرتقا چىقىش خەتەر ئىدى.
ماڭىمۇ بىرسى: «سېنى ئوغرى ساناپ،
چۈشۈپتۇ پېيىڭگە» دەپ خەۋەرلەرى.

مېنىمۇ تارتقان-كورگەن دەرت ئويغاتتى،
غەزەپتىن ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياندى.
تام تەشمەي تۈرۈپ، ئوغرى ئاتالغاندىن،
بىراقلا سېپىل تېشەي، دىدىم ئەندى.

☆

ئاتالمىش «ئوغرى» لارغا ماكان ئىكەن،
كېيىكلەر مەرەپ ئوتكەن تاغنىڭ ئىچى.
دەسلەپتە چاي قاينىتىپ، چاي توشۇدۇم،
كوپ ئوتمەي بولدۇم ئەپچىل ئالاقىچى.

بىر قېتىم دوقۇرۇشۇپ ساقچى بىلەن،
مەنمۇ بىر «بەشئاتار» نى ئولجا ئالدىم.
شۇ ئىشىم دەستەك بولۇپ، كوزگە چۈشۈپ،
شۇ كۈندىن باشلاپ كىچىك جەڭچى ئاتالدىم.

دەسلەپتە تۇتۇق ئىدى نىشان ماڭا،
چۈشەنمەي، ئىنقىلاپنى غازات دىگەن.
مەقسىتى بۇ غازاتنىڭ نىمە دىسە،
قىلماقچى مۇسۇلماننى ئازات، دىگەن.

«ئازاتلىق ئۈچۈن» ئىدى شوئارىمىز،
بەزىدە ياڭرىتاتتۇق تەكبىرنىمۇ.
غەزەپكە پايلىماستىن چىققان ئۈچۈن،
تۈز دەيتتۇق بەزى چاغدا ئەگرىنىمۇ...

بىر كۈنى يۇقۇرىدىن چۈشتى بۇيرۇق،
پۈتكەندەك بولدى قانات قول-پۇتۇمغا.
تەگمەكچى بولدۇق شۇئان ناھىيىگە،
ئاتلاندىم مەنمۇ خوشال ئوز يۇرتۇمغا.

بىز كەلسەك، چوڭ كوچىدا دەل-دەرەخ يوق،
قالماپتۇ يۇرت سىياقى مەلىمىزنىڭ.
چوڭ مەكتەپ، چوڭ مىچىتمۇ ئورتىنىپتۇ،
تېخىمۇ تۇتتى قەھرى ھەممىمىزنىڭ.

سېپىلنى قورغان قىلىپ پىرقىچىلار
يامرىتىپ ۋەھىمىلىك ئىڭغۋانىمۇ،
«جان كېرەك بولسا كىرگىن شەھەرگە» دەپ،
ئەكىرىپ ئاپتۇ خەنزۇ پۇخرانىمۇ.

بىز كېلىپ تاڭ بىلەن تەڭ جەڭ باشلىدۇق،
سېپىلنى قورشىۋالدۇق توت تەرەپتىن.
گوياكى ھاسىل بولدى بىر چەمبىرەك،
خورلۇقتىن يالقۇنجىغان ئوت غەزەپتىن...

ئاكامنى سۈرۈشتۈردۈم نەدىدۇ، دەپ،
دېرەك يوق ئولۇكى يا تىرىكىدىن.
ئاڭلىسام، يەنە بەشنى سولاپتىمىش،
ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمدەم-شېرىكىدىن.

ئەنسىرەپ ئويگە كىرسەم، ئاتام بىلەن
بىر لوخەن ئولتۇرۇپتۇ دەستىخاندا.

قوشۇمام تۇرۇلگەنتى، بىراق شۇئان
ئېچىلدىم ئاتام ماڭا ھومايغاندا.

«ياۋ ئەمەس جىمى خەنزۇ،- دېدى ئاتام،-
لاۋياڭنىڭ كىم كورۇپتۇ زەردىنى.
كەپتۇ ئۇ دوستلىغىمىدىن پانا ئىزلەپ،
ئەكەپتۇ ئاكاڭىنىڭمۇ خەۋەرىنى...»

تونۇدۇم لوخەنىي مەن يېقىن بىرىپ،
كىشىلەر «ياڭ مۇجاڭ» دەپ ئاتايدىغان.
قولى گۇل، ھەممە بىلەن تەڭ چىقىشقاق،
گۆەنسەيدىن پەشتاققىچە ياسايدىغان.

قىلاتتى ئاتام ئاڭا يېقىنچىلىق،
مېنىمۇ قۇتقازغان دەپ جىق خەيلىدىن.
ئەنسىرەپ بۇگۈن ئۇنىڭ ھاياتىدىن،
پانالىق جاي بىرىپتۇ ئوز قوينىدىن.

چىرايىم ئېچىلغانچە قاراپ ماڭا،
«سىدىقجان،- دېدى لاۋياڭ ھاياجاندىن،-
سىنىڭدىن رەنجىمەيمەن ھومايساڭمۇ،
كۆرۈمەن بۇنى پەقەت گومىنداڭدىن.»

بۇ سوزنى تەنە دىسە تەنە ئەمەس،
ئادەمنى ئويلىتىدۇ ئويلىغانچە.
خىجالەت بولغانسىرى قىلىغىمىدىن،
لاۋياڭغا مېنىڭ ئىچىم كويدى شۇنچە.

«بۇرناكۈن،- دېدى لاۋياڭ،- ئاكاڭلارنى
قاچۇرۇپ جاڭ گۇندىپاي تۇرمىسىدىن،
پانالىق- پىنھان ماكان تېپىپ بەردى،
يۇقۇرقى سەيۋەنزىنىڭ كەمىسىدىن...

سودىگەر لاۋتاڭ دىگەن ئوسال نىمە،
بىرسى شۇ ئاكاڭلارنى چىقىشتۇرغان.
ئۇ ھازىر شەھەردە يوق، بەلكى سىرتتا
موكۇنگەن، مال-مۈلكىنى تىقىشتۇرغان...»

يۈيغاندەك بولدى ئۇنىڭ گەپ سوزلىرى
كوڭلۇمنىڭ ئاللىقانداق غەشلىگىنى.
گوياكى شەرھىلەندى ئابباسوپنىڭ
«ھەر مىللەت دەرتمەنلىرى دوست» دىگىنى.

ئاتامغا دىدىم شۇندا:«بىر نەچچە كۈن
ياڭ مۇجاڭ بىزنىڭ ئويدىن ئاجرىمىسۇن.
خاتادىن خالى ئەمەس يىغا دىگەن،
نادانلىق كالتىگىگە ئۇچرىمىسۇن!»

بولغاچقا جەڭنىڭ جىددى ۋەزىيىسى،
خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم ئويدىن شۇئان.
ۋە لېكىن قورشاۋالغان نۇرغۇن سوئال
قىستايتتى جاۋاپ بەر، دەپ مېنى ھامان.

ئېتىشتۇق پۈتۈن بىر كۈن ئىككى تەرەپ،
ياغدۇردى سېپىل تەرەپ ئوقنى بەكمۇ.
قالسىمۇ جېنى كېلىپ تۇمشۇغىغا،
كونىمدى ئەل بولۇشقا ئۇندىسەكمۇ.

ئاخىرى لەخمە تەشتۇق ئىككى ياقتىن،
«چاشقان» دەپ لەقەم ئالدى تەشكۇچىلەر.
مەنمۇ بار شۇ «چاشقانلار» ئارىسىدا،
دەيتتۇق: بىز چاشقان ئەمەس، ئۇچكۇچىلەر.

بىز تەشكەن تەشىمىنىڭ بىر بۇرجىگىدىن
ئادەمنىڭ سوڭىگىمۇ چىقىپ قالدى.
شۇندا بىز: ئەجداتلارنىڭ قىساسىنى
ئالىمىز، دىدۇق بىراق قوشۇپ ئەندى.

كومۇلدى دورىلارمۇ لەخمە پۈتۈپ،
شىتاپتىن كەلگەن ھامان پەرمان يىتىپ،

پەلتىگە تاڭ بىلەن تەڭ كۆكۆت يېقىپ،
پارتلاتتۇق ئىككى ياقتىن كۆمباگشىتىپ.

ئاچتۇقتە ئىككى يوچۇق، كىردۇق بوسۇپ،
شەھەرگە ئاقتۇق گويا كەلكۈن بولۇپ.
كەلكۈننى توسالمىدى دۈشمەن پەقەت،
قەدەمدە تۇغان سىلىپ، توسقۇن بولۇپ.

نەس باستى گومىنداڭنى، دىگەن مۇشۇ،
مىڭ قىلسۇن، ئىشى زادى يالچىمىدى.
قىسمىتى-نىسىۋىسى شۇنداق ئىكەن،
تىز پۈكمەي ئېتىشقىنى «ساميا يېدى»①

يېغىدا پەرق ئەتمەكمۇ ئاسان ئەمەس،
دوست-دۈشمەن بەلگۈسىنى-قاشقىسىنى.
غەزەپتىن كوزلىرىمگە قان تولسىمۇ،
ئاتمىدىم چېقىلغاندىن باشقىسىنى.

☆

ئارىدا بىر قانچىمىز تام ياقىلاپ،
يۇقۇرقى سەيۋەنزىگە قاراپ ماڭدۇق.
بېرىپلا، دەھشەتلىك بىر پاجىەنى
كوردۇقتە، داڭ قېتىپلا تورۇپ قالدۇق.

يېتىپتو ئالتە جەسەت قار ئۈستىدە،
چانالغان جىمى بەدەن-ئەزالىرى.
بايقىسام، ئۇنىڭ بىرسى ئاكام ئىكەن،
باشقىسى ئۇنىڭ شېرىك-ھەمرالىرى.

ئۇزەمنى ئاتقىنىمچە «ۋاي ئاكا!...» دەپ،
قۇچاقلاپ يىغلاۋەتتىم ھوگرەك ئېتىپ.
ماڭا ھېچ مۇنداق جەسەت يولىقمىغان،
ئىگەك يوق، قوياي دىسەم تېگىپ-چېتىپ.

دىدىم مەن تىترەپ تۇرۇپ: «جىنىم ئاكا،
ئالىمەن قاتىلدىن بۇ ھېساپنى مەن.
چۈشەندىم ئەندى سېنى يىگەۋاشتىن،
ئوقۇيمەن سەن ئوقۇغان كىتاپنى مەن!...»

تۇرغاندا چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىپ،
بىر خەنزۇ ئۇچراپ قالدى چېرىك سىمان.
ئالدىراپ، غەزىۋىمگە پايلىماستىن،
مىلتىقنىڭ كورچىگىنىباستىم شۇئان.

«گومىنداڭ ئەمەسمەن،- دەپ يىقىلدى ئۇ،
كىمدۇ بۇ، دېيىشتۇق بىز ھەيران قېلىپ.
ھېلىمۇ ئولمەپتىكەن، سۇرۇشتۇرۇپ،
ئوزەمنى مىڭ تىللىدىم پۇشمان قىلىپ.

ئۇقۇلدى بىچارىنىڭ سوزلىرىدىن،
شۇ ئىكەن جاڭ گۈندىپاي دىگەن كىشى.
شۇ ئىكەن ئاكامنىڭ ھەم دوستلىرىنىڭ
تۇرمىدە غېمىنى كوپ يېگەن كىشى.

قاچۇرۇپ تۇرمىدىن ئۇ ئالتىسىنى،
كېچىدە سەيۋەنزىگە مۇكتۇرۇپتۇ.
جالالتلار سېزىپ قېلىپ قاچقانلارنى،
كېچىلەپ ئىزلەپ تېپىپ كەلتۇرۇپتۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋرى يوق جاڭ گوندىپاي
خوشخەۋەر يەتكۈزەي، دەپ كەلگەن ئىكەن.
كىم بىلسۇن ئۇنىڭ ئاق دىل، مەرتلىگىنى،
دەپتىمەن بىچارىنى دۈشمەن ئىكەن.

ئوق ئۇنىڭ يانپىچىغا تەككەن ئىكەن،
تاڭدۇق-دە،يارىسىنى، ھاپاش قىلىپ-

①ئوز ۋاقتىدا ئۇچ ۋىلايەت جەڭچىلىرى گومىنداڭچىلارنىڭ ئەجەل ئوقىنى يەپ ئولۇشىنى «ساميا يېدى» دەپ ئاتىشاتتى.

دوختۇرغا ئېلىپ باردۇق شۇ ھامانلا،
ئۇلارمۇ داۋالىدى يولداش بىلىپ.

غەش بولدى قىلمىشىمدىن كوڭلۇم مېنىڭ،
بۇ ئىشنى چوڭ بىر گۇنا ھېساپلىدىم.
ئاكامنىڭ قورۇنغاندۇ روھىمۇ،دەپ،
ھەسرەت يەپ ئۆزەمنى مىڭ كاچاتلىدىم.

تەرلەتتى ئاتامنىڭمۇ كايىشلىرى،
ئاندىن، بەك كاماندىرنىڭ قىياپىتى.
قوشۇندىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدىم،
بولمىسا سالاچىمنىڭ كاپالىتى.

جىمىقتى ئۇزۇن ئوتمەي «تاڭ-تۇڭ» ئۇنى،
تىنجىدى ناھىيىدە ۋەزىيەتمۇ.
خەنزۇلار يۈرۈۋەردى كوچا-كويدا،
قۇرۇلۇپ ئىنقىلاۋىي ھوكۇمەتمۇ.

بىر كۇنى كوچا چارلاپ تاڭ ئاتقىچە،
قايتقانتىم ۋەزىپەمنى قاتلاپ ئوتەپ،
ئالدىدىن ئوتكىنىمدە ئاق مىچىتنىڭ،
جامائەت يانغان ئىكەن بامدات ئوتەپ.

قارىسام، لوتاڭمۇ بار ئارىسىدا
ماڭاتتى تەسۋى سىرىپ، يەرگە قاراپ.
تونۇپلا بۇ سودىگەر ئىشپىيونىنى
«توختا!» دەپ ئالدىم شۇئان يولدىن توراپ.

دىرىلدەپ ئوگى ئوچتى ئىشپىيونىنىڭ،
پۇكۇلۇپ تازىم قىلدى يىغلامسىراپ.
ياغدۇرۇپ «لائىلاھە ئىللاللا» نى،
تەلمۇردى جامائەتكە، ياردەم سوراپ.

شۇ ھامان ئىمام بىلەن سەلەي گەيجاڭ:
«ھەي يىگىت،- دىدى ماڭا پەتىۋا تېپىپ،-
بۇ ھازىر لوتاڭ ئەمەس، ئىسلام ئاخۇن،
بوپ قالدى ئەھلى ئىسلام ئىمان ئېيتىپ.

كىتاپتا: دۇشمەن ساناش گۇنا، دىگەن،
خۇدانىڭ ئىمان ئېيتقان بەندىسىنى.
باردىغۇ ئۇنىڭكىگە ھاكىم چېغى،
قىلغاندا نەۋرىسىنىڭ خەتمىسىنى...»

چىڭ تۇردى ئىمام بىلەن سەلەي گەيجاڭ،
قوشۇلدى موتىۋەردىن بىر قانچىسى.
تاتقۇزاي دىسەم جازا ئىشپىيونغا،
بولمىدى بۇ مەيداندا ئىلاجىسى.

دەسلەپتە ئۇخماپتىمەن، بارغانسىرى
ئېچىلدى خېلى نۇرغۇن ئىشنىڭ تېگى.
لاۋتاڭغا گەيجاڭ نىچۇن ئامراق دىسەم،
ياغلىنىپ كەتكەن ئىكەن گىكىرتىگى.

☆

قۇتۇلدۇق گومىنداڭدىن،
شۇنداقتىمۇ،
ياقمىدى بەزى ئىشلار دىتىمىزغا.
يۈرگەندە گۇمانسىراپ، تىت-تىت بولۇپ،
ئابباسوپ كېلىپ قالدى يۇرتىمىزغا.

ئۇ كېلىپ، تەبرىكلىدى غەلبىمىزنى،
كورسەتمە بەردى يېڭى ھوكۇمەتكە.
يوقلىدى شېھىتلارنىڭ ئويلىرىنى،
سىياسەت چۈشەندۇردى جامائەتكە.

تەكشۇرۇپ ساقچىنىمۇ، تۈرمىنىمۇ،
بوشاتتى ئالتە خەنزۇ بۇرادەرنى.
گۇندىپاي- لاۋجىياڭدىنمۇ ھال سورىدى،
سولاتتى لاۋتاڭ دىگەن ھىلىگەرنى.

تىك-تىڭلاپ ئوخلالمىغان سەلەي گەيجاڭ،
غىپپىدە قېچىپ كەتتى باشقا يۇرتقا.

هاكىمنى ئىبرەت ئېلىپ، بۇيرۇق بەردى
تارتقىلى تۇتۇپ كېلىپ ئۇنى سوتقا.

ئاببا سوپ هال سورىدى مېنىڭدىنمۇ،
مۇڭداشتىم رەھبەر بىلەن خاس ئولتۇرۇپ.
ئاڭلىدى، يەشتى نۇرغۇن چىگىشلەرنى،
بېشىمنى مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ.

ئۇ دېدى: «ئىنقىلابنىڭ توپ مەقسىدى-
ئازاتلىق ئېلىپ كېلىش ئېزىلگەنگە،
قوشۇنغا ئەزگۈچىنى كىرىپ ئالدى،
كونىمەيدۇ ئۇلار ئاسان، بىز دېگەنگە.

ئۇلارنى قويۇپ بەرسەك ئۆز ئەركىگە،
هارۇننى غۇلىتىدۇ چوقۇم هاڭغا.
بايراقنى ئالماشتۇرۇپ، تەختكە چىقىپ،
ۋارىسلىق قىلىدۇ شۇم گومىنداڭغا.

ئاسرىدى ئاتاڭ نېچۈن ياڭ مۇجاڭنى،
ياڭ نېچۈن مەلۇملىدى مۇھىم ئىشنى؟
نىمىشكە جاڭ گۇندىپاي جان-دىل بىلەن
خالىدى ئاكاڭلارنى قۇتقۇزۇشنى؟

نىمىشكە سەلەي گەيجاڭ سۇقۇپ قويغان
مال بەرگەن لاۋتاڭ دېگەن ئىشپىيوننى؟
هېلىقى ئىمامنىڭمۇ تىلى قىسقا،
پۇل ئۈچۈن ئىشقا ساپتۇ ئەپىيوننى.

ئىنقىلاپ يولى هەرگىز توپ-تۈز ئەمەس،
دەسسەيمىز قىيپاشقىنى بىلەر-بىلمەي.
بىراقلا قوغلىماق تەس يالغان دوست-نى،
ئۆز پەيتى-ئۆز نۆۋىتى يېتىپ كەلمەي.

ماڭساقلا ئېزىلگەنلەر سەپ ئالدىدا،
ئۇ مىللەت، بۇ مىللەت دەپ پەكلىمىسەك؛
يېتىمىز مەنزىلگىمۇ غولاپ كەتمەي،
ۋاقتىدا ساۋاقلارنى يەكۈنلىسەك».

ئويۇلدى نەقـش بولۇپ يۈرىگىمگە
ئەقىللىق ئاببا سوپنىڭ هەر بىر سوزى.
ئاچتىم مەن يېڭى پىكىر ئىشىگىنى،
ئېچىلىپ بارغانسېرى كوڭلۇم كوزى.

هەر مىللەت هوكۇمرانى تومۇرداشكەن،
هەر مىللەت دەرتمەنلىرى هەمنەپەسكەن.
مورىتى كەلگەن چاغدا مىللەت، دىنىمۇ
ئوتكىلى بولمايدىغان چەك ئەمەسكەن.

چۈشەندىم ئازاتلىقنىڭ مەنىسى،
ئازاتلىق جەڭچىسىنىڭ بۇرچىنىمۇ.
شەيداسى بولدۇم شۇڭا جەڭ-كۈرەشنىڭ،
سېزىلدى راھەت بولۇپ مۇشكىلىمۇ.

خىيالىم ئىنتىلەتتى چوڭ زەپەرگە،
قۇچاتتى قانات كېرىپ ئىستىقبالنى.
قەيەردە ئالدىنقى سەپ-مەن شۇ يەردە،
كورمىسەم، دەيتتىم پەقەت گوسپىتالنى.

كەڭسايغا شۇڭغۇپ كىردىم قوشۇن بىلەن
خوش بولۇپ مەنمۇ هەربى تەقسىماتقا.
تـوت ياۋنى يەر چىشلىتىپ، سايرامغىچە
مىلتىقنى ئالماشتۇردۇم ئاپتوماتقا.

سەنتەيدە بىزنىڭ روتا ئۇچۇقتۇردى
دۈشمەننىڭ بىر يىڭنى، هەش-پەش دېمەي.
زەمبىلدە مەنمۇ ياردار ئەسىرلەرنى
دوختۇرغا ئېلىپ باردىم سىلكىشلىمەي.

ئوتكۇزدۇم شىنخۇدىكى جەڭنى باشتىن،
مولدۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدا.

شاللىقتىن يەر بېغىرلاپ پوتەيگىچە،
پارتلاتتىم ئوت ئاغزىنى دەل ۋاقتىدا.

بۇ مېنىڭ ئون يەتتە ياش ۋاقتىم ئىدى،
ئاتالدىم «سىدىق بومبا» شۇندىن كېيىن.
ھەم ئالدىم «باھادىرلىق» مېدالىنى
ئەنە شۇ داڭقى چىققان جەڭدىن كېيىن.

باتۇرمۇ ئۆلگە ـ مەدەت بىلەن باتۇر،
بىكار كەپ باتۇر بولۇش ئوقۇپ دۇرۇت.
ماڭا ئەڭ چوڭ مەدەتكار، ئۆلگە بولدى
رەھەتلىك كاماندىرىم غوجابۇرۇت.①

ئېسىمدە، ئەشۇ جەڭنىڭ قۇربانلىرى،
روتىدىن ئاتمىش ئادەم ساق قاپتىمىز.
شۇندىمۇ تەسلىم بولغان چېرىكلەرنىڭ
قاچمىسا بىرسىنىمۇ ئاتماپتىمىز.

جەڭ بىزنىڭ بولدى قورال مەنبەئىمىز،
گومىنداڭ ئوزى توشۇپ كەلدى بىزگە.
دەسلەپتە چوماق تۇتقان ئىدۇق، ئەندى
ئوتتى توپ-زەمبىرەكمۇ ئىلكىمىزگە.

قوزغۇلۇپ، چوڭ سەپ بولۇپ بىز شۇڭغىچە،
جەڭ قىلىپ شىددەت بىلەن ئون ئايغىچە،
قادىدۇق ئازاتلىقنىڭ بايرىقىنى
يۇلتۇزدىن ماناس بويلاپ ئالتايغىچە...

☆

بىردىنلا ھاردۇق ئالدى قورالىمىز،
كوپ ئوتمەي سەۋەبىنى ھەممە بىلدى.
تۇنۇگۇن خەس سانالغان ئوغرى بىلەن
گومىنداڭ «بۇتۇم» تۈزمەك بوپتۇ ئەندى.

بىز تەرەپ بايان قىلدى ئوز شەرتىنى:
ئولكىدە ئورنىسۇن، دەپ خەلقچىلىق.
ئېرىشسۇن ھەممە مىللەت تەڭ ھوقۇققا،
يوقالسۇن كوتەرگۈسىز ئالۋاڭ-سېلىق.

قىلمىسۇن چېرىك، لاقچى خەققە بوزەك،
قولىنى تارتسۇن قانلىق جىنايەتتىن.
سىياسىي مەھبۇس (ئالدىن كوممونىست)لار
بوشانسۇن تۈرمىلەردىن ـ ئاسارەتتىن...

گومىنداڭ تىمشاپ كورۇپ ئىچ-تېشىنى
بىز بىلەن ئونبىر شەرتلىك بۇتۇم تۈزدى.
ئوتكەلدىن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئوتۇۋېلىپ،
تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ ئىشنى بۇزدى.

گومىنداڭ «سەۋدىرچانلىق» نىقاۋىنى
چىدالماي يىرتىۋەتتى سايلامدىلا.
بېزىنى باسسا تېزى چىقىپ تۇردى،
ھەر كۈنى ھەر يەردىلا، چامدامدىلا.

تەر توكمەي، ئۈزۈپ تەييار شاپتۇلىنى،
كورەڭلەپ چۇقان سالدى بىنەھايەت:
«ئۈچ ئايدا گوڭگەنداڭنى ماكچايتىمىز،
نىمىدى ئالتە توك-توك ئۈچ ۋىلايەت!».

چىقتى ئۇ، جۇگسىنى تەتۈر كىيىپ،
ئەلپازى تاغنى يالماپ يەۋەتكىدەك.
بۇلۇتتەك ئۈچتى قاپلاپ كوك يۈزىنى،
ئاشلىققا ماڭغان ئاپەت چېكەتكىدەك.

ئوسمانغا ياراق بەردى: «بومبا بولۇپ،
قورغاننى ئىچىدىن سەن غۇلاتقىدىن» دەپ.

①غوجا بۇرۇت— قورغاسلىق. ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ دەسلەپكى كوماندىرلىرىنىڭ بىرى، ئۇرۇش قەھرىمانى، 45- يىلى شىخۇ ئۇرۇشىدا مەرتلەرچە قۇربان بولغان.

مەسئۇتقا مۇنبەر بەردى: «كاناي بولۇپ،
تەپرىقە ئىغۋاسىنى تاراتقىن » دەپ.

كۈرەشنىڭ يەنە بىر چوڭ ئوتكىلىگە
دۈچ كەلدى ئۈچ ۋىلايەت باتۇرلىرى.
بار ئىدى بۇ ئوتكەلنىڭ ھەرقەدەمدە
نا تونۇش دۈمبەللىرى- ئوڭكۈرلىرى.

باتۇرنى چىرمىقتۇردى ئىسسىق، سوغاق،
سىنالدى ئەزىمەتلەر نەچچە سەپتە.
«بورى»گەبوي بەرمىدۇق ئېلىشىشتا،
«تۈلكە»گە بوش كەلمىدۇق سىياسەتتە.

بولغاچقا تۆمەنلىگەن مەردۇ-مەيدان،
بولغاچقا خەلق رايى- تاغدەك يولەك،
بولغاچقا ئەخمەتجاندەك باشلامچىلار،
ئورلىدى غەيرىتىمىز ئاسمانپەلەك.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كورسەتمىسى
يورۇتتى پەللىمىزنى بارغانسېرى.
«دۈشمەننىڭ دۈشمەنلىرى بىزگە دوست» دەپ،
كوز تىكتوق مۇھەببەتتە يەنە نىرى.

تىڭشىمدۇق شىنخۇاشېنى ئىخلاس بىلەن،
ئوقۇدۇق ماۋجۇشىنىڭ كىتاۋىنى.①
ياڭراتتۇق ئازات رايون پەدىسىدە
ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ خىتاۋىنى. ②

رۇسلاندى قەدىمىمىز بارغانسېرى،
رەت قىلدۇق توغرا يولدىن چەتنىگەننى.
ئەيمەنمەي ئەيىپلىدۇق، جازالىدۇق
ئۇ مىللەت- بۇ مىللەت دەپ يەكلىگەننى.③

تەكتىدىن ئېيتقان چاغدا، بىزنىڭ قوشۇن
راستىنلا قىزىل توغقا ئامراق ئىدى.
شۇڭلاشقا پىرقىچىلەر بىزنى سوكۇپ،
«يۇرىگى باشقا، قىزىل پاچاق» دىدى.

بۇ سوكۇش بىزلەر ئۈچۈن بەتنام ئەمەس،
ئاڭلايتتۇق بەلكى ئۇنى مەغرۇرلىنىپ.
لىياقەت تىكلەش ئۈچۈن شۇ ئاتاققا،
پەيدىن- پەي كەلگەن ئىدۇق ھازىرلىنىپ.

كورگەنغۇ ت'لاي ئادەم يەنتەندىكى—
باش شىتاپ تېمىدىكى خەرىتىنى.

---

① 1948- يىلى يولداش ئابدوكېرىم ئابباسوپ تەرىپىدىن ماۋجۇشىنىڭ «يېڭى دىموكىراتىزىم ھەققىدە» دىگەن ئەسىرى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئاۋانگارد ئىنقىلاۋىي ياشلار ئارىسىغا تارقىتىلغانلىغى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

②1947- يىلى ئۈچ ۋىلايەت مەتبۇئاتىدا «خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ خىتاپنامىسى» نىڭ داغدۇغىلىق ئېلان قىلىنغانلىغى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

③ بۇ يەردە 1949- يىلى ماي ئېيىدا غۇلجىدا ئوتكۈزۈلگەن «شىنجاڭدا تىچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئاكتىپلىرى يىغىنىنىڭ روھى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يىغىندا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدوكېرىم ئاببا سوپ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي جەريانىدا يۈزبەرگەن مىللى مەسىلە جەھەتتىكى خاتالىقلارنى ئوقتىلىق ھالدا كەسكىن تەنقىت قىلغان ۋە بۇ خاتالىقلارنى تۈزۈتۈش توغرۇلۇق قارار ماقۇللىغان. شۇنىڭدەك، بەزى خىنزۇ پۇخرالىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان ئەكسىيەتچىلەرگە قانۇنى چارە كورۈلگەن.

راست، ئۇندا ئۈچ ۋىلايەت زېمىنىدىكە
قىزىل رەڭ بايراقچىنىڭ قادالغىنى.

راست ئىدى دوڭ لاۋ بىلەن ئابباسوپنىڭ
ئەنجىندە يولداشلارچە كورۇشكىنى.
راست ئىدى ئۈچ ۋىلايەت جۇرئىتىنىڭ
يەنئەنىنىڭ رىغبىتىگە ئېرىشكىنى.

راست ئىدى قىزىل سەردار سىتالىنىنىڭ
بىز «قىزىل پاچاقلار»نى قوللىغىنى.
ئىنقىلاپ دەستۇرىنى ئۇگەنسۇن، دەپ،
لېنىننىڭ تومىلىرىنى يوللىغىنى.

راست ئىدى چوڭ ئېقىمغا- چوڭ يۈرۈشكە
ماڭغانچە ماسلاشقىنى قەدىمىمىز.
ئانچە خوپ بولمىسىمۇ مۇقەددىمە،
چىرايلىق جاراڭلىدى خاتىمىمىز.

شۇڭلاشقا گومىنداڭ شۇ بەستى بىلەن
يېرىنغۇ شاكىچىكتىن دەككىسىنى.
شا كىچىك مۇشتەك تۇرۇپ لەھەڭ تۇتۇپ،
ئىچىدىن قېقىۋەتتى ئۆپكىسىنى.

ئاقمىدى گومىنداڭنىڭ ھەيۋىلىرى،
ئاقمىدى «ئەدەپ، ئىنساپ، دىيانەت...»مۇ.
ۋەلېكىن ئۈچ ۋىلايەت چاقمىغىدىن
لەرزىگە كەلدى يەتتە ۋىلايەتمۇ.

☆

ئۇنتۇلماس، ئەشۇ يىللار، شانلىق تارىخ،
ئەسلىمە- شۇ يىللارنىڭ كالىندارى.
شاھىدى، قاتناشچىسى مەنمۇ ئۇنىڭ،
بۇ مېنىڭ ياشلىغىمنىڭ ئىپتىخارى.

ئېسىمدە، شۇ چاغدىكى ماناس بويى،
ئوتكەزدىم ئىككى يىلنى مەنمۇ شۇندا.
ئاسرىدىم قانلىق كۆرەش مەۋسىمىنى،
باغرىمنى قالقان قىلىپ ئاپارۇندا.

ئېسىمدە، ئالتاينىڭ تاغ- دالاسىدا
ئات مىنىپ، شوڭقار كەبى قاناتلىنىپ،
بولغانمەنمۇ باندىت كوشەندىسى،
ئىز قوغلاپ، ئوق ياغدۇرۇپ، ئايغاي سېلىپ.

ئېسىمدە، گومىنداڭنىڭ مايورىنى
بىر پوتەي يەردىن موللاق ئاتقۇزغىنىم.
ئوسمانغا ئېلىپ كەلگەن كورسەتمىنى
گۇمانلىق ئوكچىسىدىن تاپ-قۇزغىنىم.

ئېسىمدە، كوكتوقاينىڭ قاپتىلىدا
ئوق تېگىپ ئالتە يەردىن، غۇلىغىنىم،
ئاچلىقتا تاپالماستىن ھەتتا گىيا،
قوساقنى تاسما غاجاپ گوللىغىنىم.

ئېسىمدە گوسبىتالدا ياتقىنىمدا
ھال سوراش خەتلىرىگە كومۇلگىنىم.
قىزلارنىڭ مۇھەببەتلىك سالامىدىن
يىگىتلىك غورۇرىغا چومۇلگىنىم.

ئېسىمدە، خۇش خەۋەرلەر ئاڭلىغاندا
ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ غەلىبىسىدىن،
ئاتاتتۇق بوكىمىزنى ئاسمانغا بىز،
زوقلىنىپ قەھرىمانلىق ئولگىسىدىن.

ئېسىمدە، بىز تەرەپتىن سالام ئېلىپ
ئەخمەتجان قاسىملار ماڭغانلىغى.
قۇربانلار تيەنئەنمىنگە تەلپۈنگەچكە،
ئوت ئەمەس، ئىشتىياقتىن يانغانلىغى.

ئېسىمدە، بىز دىمۇ توي بولۇپ كەلگەن
ماۋجۇشى تيەنئەنمىنگە چىققان كۈنى.

ئېسىمدە، مەغرۇرلىنىپ كۈلگەن ئىدۇق
تاۋسىيۇ تىلگىراما قاققان كۈنى.

ئېسىمدە، يېقىنلاشقان ئەشۇ كۈنلەر
ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ قەدەملىرى.
ئېسىمدە، «مەرھابا!...» دەپ يۈگرىگىنى
بىزدىكى شائىرلارنىڭ قەلەملىرى.

ئېسىمدە، ئۈرۈمچىدە ھەم ماناستا
قېرىنداش قوشۇنلارنىڭ ئۇچراشقىنى.
ئېسىمدە، قۇچاقلىشىپ سويۈشكەندە
ئۈستىگە يۇخرالارنىڭ گۈل چاچقىنى.

سويۈشتى بىر بىرسىنى بايراقلىرى،
سويۈشتى بىر- بىرسىنى مىلتىقلىرى.
سويۈشتى بويۇن بىلەن قوللاردىكى
گومىنداڭ ئوقلىرىنىڭ تاتۇقلىرى.

ئېسىمدە، شۇ مەيداندا توۋۇلغىنىم
«ياشىسۇن ئىنقىلاپ» دەپ يۈرىگىمدىن.
بەش يىللىق جەڭدە ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ
يەكۈنى، ياڭرىدى شۇ تەبرىگىمدىن.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەنمۇ ئالدىم
لاۋۋاڭنىڭ- ۋاڭ جېڭۋېينىڭ بۇيرۇغىنى.
قاتناشتىم يېڭىۋاشتىن يېڭى جەڭگە،
ئۆزگىچە قويۇرچۇقنىڭ قويرۇغىنى.

☆

شۇ ئىدى مېنىڭ «ئوغرى» سەرگۈزەشتەم،
شۇ ئىدى گۆدەكلىكتىن يېتىلگىنىم.
شۇ ئىدى ھاياتىمنىڭ يۈزلىنىشى —
پەيدىن- پەي قىزىل توغقا ئىنتىلگىنىم.

كىرگەندە پارتىيىگە قەلبىم بىلەن
ئۆز ئەينى يېزىپ بەرگەن تارىخىم شۇ!
كىم دەيدۇ، «قىزىل توغقا خۇشتى يوق» دەپ،
مەن سۆيۈپ قەسەم بەرگەن بايرىقىم شۇ!

بەس، ئەندى توختىتاي بۇ ئەسلىمەمنى،
بەزىلەر دەيدۇ بۇنى «داستان ئىكەن».
ياق، ئاۋۋال دەڭلار شۇنى،
بۇ ئەسلىمە
ئوغرىنىڭ تارىخىغا ئوخشامدىكەن؟

1977_ 1981_ يىل.

## دوستۇمغا

غوپۇر رەخىم

ئاپەتلىك قارا كۈن كەلمەسكە كەتتى،
ئارزۇلار گۈزەل تاڭ ۋەسلىگە يەتتى،
زامانە سىنىمۇ بەختىيار ئەتتى،
تۇر، دوستۇم، قولۇڭغا ئالغىن قەلەمنى.

ئۆرۈلۈپ، قېقىلىپ يۈردۈڭ تالاي يىل،
ئۈستۈڭدىن ئۆكسىمەي دەشنەم-زەھەر تىل؛
ئۇ دەۋر تۈگىدى،
يايرا، ئېچىل-كۆل،
مەرىپەت يولىدا تاشلا قەدەمنى.

ئېچىلدى كەڭرى يول، ئىشلە - ئىجات قىل،
سايرىسۇن گۈلشەندە بۇلبۇل كەبى تىل،
نەپ ئالسۇن كۆيگەندىن مىليون يۈرەك-دىل،
غېنىمەت بىلگىن بۇ پۇرسەتنى-دەمنى.

قاز يۈكسەك غەيرەتتە ھېكمەت كېنىنى،
زىننەتلە تەر بىلەن بەخت بېغىنى.
چىڭ تۇتۇپ ھاياتنىڭ ئالتۇن چېغىنى،
ئۇتتۇقلار ئەۋجىگە باسقىن قەدەمنى.




(ھېكايە)

مەتىمىن ھوشۇر

١

مەن ساۋۇر ئاكىنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىلىمەن. ئۇ، ئىككى بېشىغا يوغان سېۋەتلەر ئېسىلغان ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ شارا - باراچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ سېۋەتلىرىگە قارىسىڭىز: يىرتىق بوتى دەمسىز؛ سۇنۇق قازان، ماكچىيىپ كەتكەن مەش، كونا كىيىم - كېچەكلەر دەمسىز؛ قەدىمىي مىس چىلاپچا، يوگەكلىك قورغۇشۇن سىم ۋە ھەر خىل تومۇر - تەسەكلەر دەمسىز، كونا گېزىت، بوشىغان ھەر خىل ھاراق بوتۇلكىلىرى دەمسىز؛ ئەيتەۋۇر، جاھاندا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

ساۋۇر ئاكا ئەللىكلەردىن ھالقىغان، يۈزلىرىنى يىرىك ساقال - بۇرۇت باسقان، جىيەكلىرىنى قورۇق باسقان كۆزلىرى دائىما كۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەم. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا قاۋۇل يىگىت بولسا كېرەك، ھازىر ئۇنىڭ بەستى ئەشۇ يوغان سېۋەتلەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئالدىغا پۈكۈلگەن بولۇپ، قارىماققا، بۇ ئادەمنىڭ بويى سەل پاكارىدەكمۇ كۆرۈنىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە ئۇ، بىر نەچچە ۋاقىت چوڭ كوچىدىكى بازارنىڭ دوخمىشىدا لەڭپۇڭچىلىقمۇ قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئۇستا ئاشپەزمۇ دېيىشىدۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ ئاشپەزلىك قىلغىنىنى كۆرمىگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق تىرىكچىلىكى ئۇششاق - چۈشەك، كونا نەرسىلەرنى ئېلىپ - سېتىش بىلەن بولىدۇ.

— شارا - بارا! كونا - يېڭى بارمۇ!

ساۋۇر ئاكا ئەنە شۇنداق ۋاقىراپ، مەھەللىلەرگە كىرىپ كېلىدۇ. كوچىلارنىڭ دوخمۇشلىرىغا، ئادىمى كۆپ قورۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىر ئاز توختاپ، يەنە چىڭقىلىپ ۋاقىراپ قويىدۇ. مەن بەزىدە ئۇنىڭ خوتۇنلار بىلەن مال باھاسىنى تالىشىپ، قىزىشىپ سودىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىمەن.

— ماڭا قاراڭ، سىڭلىم!- دەيدۇ ئۇ، كونا ئۆتۈكنى كۆتۈرۈپ چىققان ئايالغا قاراپ،- بۇ ئۆتۈكنىڭ باشلىقى تۆگەپتۇ. ئۇنىڭ قونجىنى دەپسىز، ئۈچ تەڭگە بېرىۋاتىمەن. بىرەر كەمبەغەل ئون - يىگىرمە تىيىن پايدا بېرىپ ئالسا، بىزمۇ ساتىمىز ئەمەسمۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، ساۋۇر ئاكا كىشىلەرنىڭ مېلىنى باشقا شارا - باراچىلارغا قارىغاندا دۇرۇس باھادا ئالاتتى. بولۇپمۇ ئۇ، كىچىك بالى-

لار كوتۇرۇپ چىققان نەرسىلەرگە ھەق پۇل تولەيتتى. ئەگەر، باللار پۇللۇغراق بۇيۇملارنى كوتۇرۇپ چىقسا، مالنى قولىغا ئېلىپ، ئۇياق - بۇيېقىغا ئۇرۇپ بىر قارايتتى-دە، ئاندىن ئالدىدىكى، كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇرغان باللىغا قاراپ:

— ئوغۇرلاپ چىقتۇڭمۇ، قانداق؟ ماڭ جۇگۇ، ئاپاڭنى باشلاپ چىق!- دەپ ئالغىلى ئۇنىمايتتى.

«شارا - بارا بارمۇ! كونا - يېڭى بارمۇ!»

يىراقلاردىن يېتىپ كېلىدىغان بۇ ئاۋاز مەھەللىدىكى ھەممىمىزگە ئەنە شۇنداق تونۇش ئىدى.

2

كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن، 1970- يىلىغا كەلگەندە، ساۋۇر ئاكا بىلەن «ئۇگىنىش كۇرسى»دا بىللە بولۇپ قالدۇق. بۇ «ئۇگىنىش كۇرسى»دا «مەسىلە» تاپشۇرۇۋاتقانلار ئون نەچچە ئادەم ئىدۇق. ئاخشىمى ئاستىغا پاخال يېيىتىلغان، زەي بىر ئويدە قىستىلىشىپ ياتاتتۇق. كۇندۇزى، «ئىدارە» دەپ ئاتالغان چوڭ ئويگە چىقىپ ئۇگىنەتتۇق. ئىدارىنىڭ يېرىمىغا بىر قانچە رەت ئۇزۇن ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئالدى تەرەپتە بىر ئۇستەل بار ئىدى. ئۇستەل ئارقىسىدىكى يولەنچۇكلۇك ئورۇندۇقتا بىز تاپشۇرغان مەسىلىلەرنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان كادىر ئولتۇراتتى. ھەر قايسىمىزنىڭ ھەر خىل «جىنايەت»لىرى بار ئىدى. بىز ھېلىقى قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، كۇن بويى «مەسىلە» ئويلىشاتتۇق.

— ساۋۇركا، سىلى بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالدىلا؟- دەپ سورۇدۇم مەن ساۋۇركامدىن.

— ۋاي ئۇكام، ئاغزىمدىن بالاغا قالدىم، دىدى ئۇ.- مەلە ھوكۇمەتكە يىغىن بار دەپ چاقىرتىپتىكەن، ئاغرىپ قالدىم، دەپ بارمايلا قويۇسام بۇ ئىشمۇ يوق. نىمە ئىش باركىن، دەپ ئىشنى تاشلاپ، شاپاشلاپ بېرىپتىمەن، دەڭە. بارسام خەقنىڭ يېرىمى يىغىلىپ، يېرىمى تېخى كېلىپتىكەن. مەنمۇ ئارىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بۇنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ئولتاردىم. شۇ چاغدا بىرسى ئاغزىنى تاتىلاپ: ساۋۇراخۇن، ئەۋۇ رەسىمدىكى كىملەر بولىدۇ، تونامسىز؟- دەپ سوراپ قالدى. قارىسام، ئۇدۇلىمىزدىكى تامدا ئىككى كىشى ئورە تۇرغان يوغان بىر پارچە سۇرەت چاپلاغلىق تۇرۇپتۇ. مەنمۇ ئاۋايلىمايلا: ماۋۇ ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى بولىدۇ، ئاۋۇ، يېنىدا تۇرغىنى كىم بولىدىكىن، بىلمەيدىكەنمەن دەپتىمەن. شۇ گەپ بىلەن پۇت-قولۇمنى يەرگە تەككۇزمەيلا بۇ يەرگە ئەكىلىپ قويدى. بابا، ئۇ، ھېلىقى لىن بياۋ دىگەن باشلىغىمىز كەن ئەمەسمۇ، ھى...ھى...ھو! كوردىڭما ئۇكام، ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى؟!

ساۋۇر ئاكىنىڭ كوزلىرى يەنە كولۇپلاتتۇراتتى. بەزىدە، «ئۇگىنىش كۇرسى» نىڭ بىر باشقۇرغۇچىلىرى بىزنى ئېلىپ چىقىپ، ئانچە - مۇنچە ئۇچۇغداپ تۇراتتى. ساۋۇركام شۇنداق چاغلاردىمۇ تاياق يەپ كىرىپ، يەنە كولۇپ تۇراتتى.

— يائاللا، ھېلىقى قاردىراق كەلگىنى بەك سالىدىغان ئىمىكىنا! ئۇكام، سەن چىقىپ قالساڭ ئۇنىڭ سول قولىغا ھىزى بول. كاساپەت، سولخەي سالىدىكەن ئەمەسمۇ،- دەيتتى ئۇ، مېنى كۇلدۇرۇپ.

دىمىسىمۇ، باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىچىدە قۇربان دىگەن، قارا كەلگەن بىرسى بار ئىدى، كىشىنى رەھىمسىز ئۇراتتى، ھەممىمىز ئۇنىڭ قولىغا چۇشۇپ قېلىشتىن قورقاتتۇق. ساۋۇر ئاكىنىڭ گېپىدىن كېيىن، بىز ئوز ئىچىمىزدە ئۇنىڭغا «سولخەي» دەپ لەقەم قويۇۋالدۇق.

«ئۇگىنىش كۇرسى» غا كەلگەندىن كېيىن، ساۋۇر ئاكىنىڭ يەنە يېڭى «جىنايەت»لىرى پاش بولۇشقا باشلىدى. بىر كۇنى ھەممىمىز ئىدارىغا

چىقتۇق. ئۇگىنىشنى ھېلىقى سولخەي مۇش بى-
لەن سالىدىغان «قۇربان سولخەي» باش-قۇردى. ئۇ،
تاماكىنى يوغان ئورىۋېلىپ، ئۇزىمەي چېكىدىغان
نەرسە ئىدى، تاماكا ئىسلىرى يوغان بۇرۇنلىرى-
نىڭ تۈكلۈك توشۇكلىرىدىن پۈق-ۇراپ چىقىپ،
ئۇنىڭ ئەتراپىدا دائىرە بولۇپ ئايلىناتتى. ما-
ڭا ئۇنىڭ چىرايى ئەشۇ تاماكا ئىسىدىن قارى-
داپ كېتى-ۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مەجلىس باشلى-
نىشى بىلەنلا ئۇ، ساۋۇر ئاكىنى ئىسمىنى ئاتاپ
چاقىرىپ، ئوتتۇرىدا تۇرغۇزۇپ قويدى.

— خوش، ساۋۇرا!...

— ھە، ماڭا گەپ قىلدىڭىزما ئۇكام؟

— مەن سىنىڭ ئۇكاڭ ئەمەس. سەن ئۇ-
لۇغ قۇتۇكشەيىمىز لىن فۇجۇشىنى «تونىمايمەن»
دىگەن ئەكسىلئىنقىلاپچى.

— ماڭا قاراڭ، خۇدا ھەققى، تونۇيمەن.
نىمىشكە تونىماي، ئالدىراشلىقتا ئاغزىمدىن شۇن-
داق چىقىپ كېتىپ قاپتۇ.

— بولدى، بولدى يەنە باش-
قا مەسىلىلىرىڭنى ئويلاشتىڭمۇ؟

— ئويلاشتىم، ئۇ... (ئۇ، «ئۇكام» دەۋېتىشكە
يەنە تاسلا قالدى.) بۇ يەردە تەييار ناننى يەپ،
مەسىلە ئويلاشمىساق، يەنە نىمە ئىش بار، دەي-
سىز.

مەن كۈلمۈۋېتىشكە تاس قالدىم.

— تولا گەپ يورغىلاتماي، نەق جاۋاپ بەر!
ئۇن نەچچە كالا سويۇپ سېتىپ، قاراڭغۇ بازار-
چىلىق قىلغىنىڭ راسمۇ؟

— ئوتكەندە دىدىمغۇ، بىر كالا، ئىشەنمە-
سىڭىز توز دەسسەپ بېرەي.

— كوپچىلىك «ئون» دەپ ئىنكاس قىلى-
دىغۇ، ئىنقىلاۋى ئاممىا يالغان سوزلەمدا.

— ئەندى، ئىنكاس دىگەن شۇنداق بولى-
دۇ. مەن ئۇ كالىنى دوڭمەھەللىدىن ئالغان. ئال-
غان يېرىمدە قۇناخۇن قاسساپمۇ بارىتى. ئىككىمىز

مالنى تالىشىپمۇ قالغان. ئاخىرىدا، مەن بەش
تەڭگىنى ئوشۇق بەردىم، سودا مېنىڭ بولدى.
ھەقىچان، بۇ ئىشنى شۇ ئادەم ئىنكاس قىلغان-
دۇ؟ بۇ بىر...

ساۋۇركام بىر بارمىقىنى پۈكۈپ، سوزنى
داۋام قىلدى.

... كالىنى يېتلەپ چوڭ يولغا چىقىپتۇرد-
ۋېدىم، سىز تونامسىزكىن؟ ھېلىقى تاماكىغا لازا
ياغىچى ئارلاشتۇرۇپ، سەلەركىدە قوروپ ساتى-
دىغان ساۋۇت ساختا يولۇقتى. ئۇمۇ ئىنكاس قىل-
غان بولسا، ئىككى. دوڭمەھەللىنىڭ دوڭىدىن چۈ-
شۈۋېتىپ، ئىسمايىل ساتىراش بىلەن كورۇشۇپ
قالدىم. ئۇغۇ ئۇنچىلا كويدۇرگە نەرسە ئەمەس.
ئەندى، ئىنسانچىلىق، ئۇمۇ ئىنكاس قىلغان بول-
سا، ئۇچ. كورە دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن ئوتۇپ كېت-
ىپ بارسام، زاسۇپەز ئابدىرىماخۇن كورۇپ: «سوي-
ساڭ، كاللا - پاقالچىكىنى ماڭا ئوتكەز-ھە!» دەپ
قالغان، توت. بەيتۇللانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تازا
ئېسىمدە قالماپتۇ، يەنە بىر - ئىككى تونۇش
ئۇچرىغان، ئۇلارمۇ ئىنكاس قىلغان بولسا، بەش-
ئالتە...

شۇنداق ساناپ، ساۋۇر ئاكا كالىنى كور-
گەنلەرنىڭ سانىنى ئون نەچچىگە ئاپاردى.

— مانا ئىنىم، ھوي ياق، كادىر! ئىنكاس
قىلغان ئادەم ئون نەچچە بولغان بىلەن، كالا
ئەشۇ بىر كالا ئەمەسمۇ...

«سولخەي» ساۋۇر ئاكىنىڭ سوزىگە قايىل
بولمىدى: ئىككىلىسى خىلى ۋاقىتقىچە تىركەشتى.
ئاخىر، ئۇ: ساۋۇرنىڭ بۈگۈنكى پوزىتسىيەسى ياخ-
شى بولمىدى، دەپ خولاسە چىقاردى.

— بوپتۇ! - دىدى كېيىنى ئوتكۈزەلمىگەن
ساۋۇر ئاكا جىلى بولۇپ، - كالىنى «ئون» دەپ
يېزىپ، بىر خىزمىتىڭنى ئوستۇرىۋال!...

بۇ گەپ بىلەن ئولتۇرغانلار ھەممىمىز كۈ-
لۈشۈپ كەتتۇق. قۇربان سولخەينىڭ چىرايى ئور-

تۇتۇپ تېخىمۇ قارىداپ كەتتى. ياتاققا قايتقان-دا، مەن ساۋۇر ئـاكـىغا:

— ساۋۇركا! كادىرغا قوقمايلا قاتتىق گەپ قىلىۋەتتىڭىز؟- دېدىم.

— قارىماسەن، ئۇكا، خۇدانىڭ نالىسىنى قىلىپ كەتسەم ئىشەنمىگىنىنى. «پادشادىن شەھەر قالىدۇ، هارۋىكەشتىن تىرىت، ۋاـۋا،» دەپتىكەن، مېنىڭ ئايرىلىپ قالىدىغان مەنسۇۋىم بارمىدى. مېنى دىسە «يىگىرمە» دەپ يېزىۋالسۇن!

ئەتىسى ھېلىقى «سولخەي» ئىشنى تېخىمۇ يوغارتتى: ساۋۇر- مەلۇم بىر ئەكسىلـئىنقىلاۋىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئىكەن، دىگەن گەپنى كو-تۈرۈپ چىقتى. بىز يەنە ئىدارىغا يىغىلىشتۇق. ساۋۇر ئاكا تەشكىلات توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭ-لاپ تىڭىرقاپلا قالدى.

— نىمە؟! گېپىڭىزنى تازا ئاڭقىرالماي قال-دىم،- دەپ سورىدى ساۋۇر ئاكا.

— تەشكىلاتىڭنى سوراۋاتىمەن، تەشكىل...

—مېنىڭ ئەھۋالىمنى ھەممە ئـادەم ئوب-بىلىدۇ. مەندە تەشكىل نىمە قىلسۇن.

— خـۇپـەنلىك قىلما،كوزبوياپ ئوتەلـمەيـسەن!

— خۇدا ھەققى، نان دەسسەپ بەر، دىسە-ڭىز دەسسەپ بېرەي، تەشكىلىم يوق.

— ئۇنداق خۇراپى گەپلىرىڭنى بۇ يـەردە قىلما. بىز ئەھۋالنى ئىگەللەپ بولدۇق. تەشكى-لىڭ بارلىغى ئېنىق.

— تەشكىلىم بولسىمۇ تازا ئوبدان بولاتتى. بىر چاغدا، پاختا زاۋۇتتا بىر - ئىككى ئاي گۈ-زەتچىلىك قىلىپ قالدىم. ئادەم تەشكىلدە بول-سا، كوڭلىمۇ توق تۇرىدىكەن. ئەندى تەشكىللىك بولۇپ قالىدىغان بولدۇم، دەپ يۈرسەم، بىر كۈ-نى زاۋۇتنىڭ باشلىقى چاقىرىپ: سـاۋۇراخـۇن، بىز سىزنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تـۇرغـان، ھازىر دەرۋازىغا قارايدىغان ئادىمىمىز كېلىپ قـالدى. ئەندى سىزگە روخسەت، دەپ ئىشلىگەن پۇلۇمنى

قولۇمغا بېرىپ، يولغا سېلىپ قويـدى. شـۇندىن بېرى تەشكىل دىگەن نىمىنى كورۈپ باقمـىـدىم، جىلىڭ گـەپ!

بىز كۆلكىمىزنى توختىتالماي قالـدۇق. ئا-خىر، يىغىنىمۇ يىغىن بولماي قالدى. «سولخەي» ساۋۇركامنى ھـىلـە ئىشلەتتى،پوزىتسىيىسى قەبىھ، دەپ خـولاسـە چىقاردى. بىز بۇ يەردە «پو-زىتسىيىسى قەبىھ» دىگـەن سوزنى «كەچتە قاتتىق تاياق يەيدۇ،» دىگەن مەنىدە چۈشۈنەتتۇق.

شۇ كېچىسى، باشقۇرغۇچىلار ساۋۇر ئاكىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز بەك ئەن-سىرىدۇق. «ئۇگىنىش كۇرسى»نىڭ ئادەم ئۇچۇغـ-دايدىغان ئويى بىز ياتقان ياتاقتىن خىلى نې-رىدا- ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قىستاڭدا ئـىـدى. ئادەتتە، ئۇچۇغدۇلىۋاتقانلارنىڭ پەرياتلىرى ئا-سانلىقچە ئاڭلانمايتتى. ساۋۇركام چىقىپ كېتىپ بىرەر سائەتتىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ نالىغان ئو-نىنى ئېنىق ئاڭلىدۇق. گويا، تاياق بـىـزنىڭ ئۇستىمىزگە تېگىۋاتقاندەك تولغۇنۇپ، ھـىچقايـ-سىمىز ئۇخلـىيالمىدۇق.

ساۋۇر ئاكا بىرھازادىن كېيىن، ۋاي- ۋاي-لاپ، پۇتلىرىنى سورىگىنىچە مېڭىپ كىـردى-دە، ئويگە كىرىپلا ئوزىنى تاشلىۋەتتى.

— ساۋۇركا، ھوي ساۋۇركا، بەك ئۇرىۋەت-تىمۇ؟- دىدۇق بىز ھال سوراپ.

—ئۇنى بىر دىمەڭلار ئۇكىلىرىم. مۇنداقمۇ باغرى تاش ئادەملەر بولىدىكەن-ھە! يېرىم سا-ئەتتەك توختىماي سېلىشتى. باشتا مەنمۇ: چوپ-چوڭ ئادەم بولغاندىن كېيىن، چىدىماسلىق قىل-سام سەت بولار، دەپ ئىن دىمەي باقتىم. ئادەم بولغاندىن كېيىن ئېرىپ قالار، دەپ: ھوي، سىز كىمنىڭ بالىسى؟ مەن سىزنىڭ دادىڭـىزنى تو-نۇيمەن، جۇمۇ! دەپ ھېلىقى ھارامـدىن بـولغان سولخەينىڭ كوزىگە تازا قاراپ تۇرىۋالساممۇ،توخ-تىماي سىلىنىۋاتـامدا، ئاخىرى، بولالماي، «ۋاي-دات!»

دەپ ئاۋازىمنى بولىشىغا قويىۋەتتىم. ئويدە ئۇششاق باللىرىم بار. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ئۇلار قانداقمۇ قىلار، دىسەم مەن يوقتە...

— ئارىدىن يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن ئوتتىمۇ، ئوتمىدىمۇ ئېسىمدە يوق. ھېلىقى «سولخەي» تۇيۇقسىز بىزنىڭ ئارىمىزغا قېتىلىپ قالدى. باشتا، بىز ھەممىمىز ھەيران بولدۇق. كېيىن، ئۇ چاغلاردا ئەقىلغا سىغمايدىغان غەلىتى ئىشلار كوپ بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭمۇ بىر يەردىن مەسلىسى چۇگۇلۇپ چىققىبانلىغىنى تېزلا پەملىدۇق. ھە، كونىلارنىڭ: بۇرۇن تاغ ئايلىنىپ كەلسە، ھازىر باغ ئايلىنىپ كېلىدۇ، دىگىنى ئەنە شۇ. ساۋۇركام:

— يا ئاللا! نىمە جاھان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مۇنۇنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزغا تەقىلىپ قالغانلىغىنى كىم ئويلاپتۇ-ھە؟!-دەپ ياقىسىنى تۇتتى.

«سولخەي» باشتا كىرگەندە، بىزدىن كەچۈرۈم سورىغاندەك قىلىپ، چىرايىغا خىجالەت كۆلكىسى يۈگەرتىپ، بىز بىلەن ئەپ بولماقچى بولدى. لېكىن، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىدۇق. بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ بەدەنلىرىدە ئۇنىڭدىن يېگەن تاياقنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى. ساۋۇر ئاكا تېخىچە بىر پۇتىنى سورەپ مېڭىپ يۈرەتتى. كەچتە «سولخەي» ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە بوشلۇقتا تىقىلىپ ياتتى.

«ئۆگىنىش كۈرسى»دىن بىزگە ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ تاماق بېرەتتى: چۈشتىن بۇرۇن ئوماچ، چۈشتىن كېيىن ئادەمنىڭ كوزىدەك ئىككى قوناق مومىسى بىلەن بىر ساپلىق گوشسىز سەي ئىدى. بەزىدە ئويلىرىمىزدىن تاماق كېلىپ قالسا بىر-بىرىمىزگە سۇنىشاتتۇق. ھېلىقى «سولخەي»نى ھېچكىم تاماققا قىچقارمايتتى. ئۇمۇ بىزنىڭ بۇ مۇئامىلىمىزگە ئانچىلىك پىسەنت قىلىپ كەتمىدى. ئەمما، ئۇ، تاماكىنى ئۈزمەي چېكىدىغان بولغاچقا، ئىككى كۈندىلا يانچۇغىنى قۇرۇغداپ بولدى. ئۇچىنچى كۈنى بولسا، چۈشكىچە خۇمارلىقتا ئوزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي يۈردى. چۈشتىن كېيىن، پەقەت بولالماي، يەردىكى تاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىپ، ئالقىنىغا ئۇۋاپ، يوگەپ چەكتى. شۇندىن كېيىن، بىز چەككەن تاماكىلىرىمىزنى يەرگە تاشلىغاندا، دەسسەپ ئېزىۋېتىدىغان بولدۇق.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئوتكەندە، بىر ئايال «سولخەي»گە تاماق ئېلىپ كەلدى. بىز قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ھەممىنى كوروپ تۇردۇق. ياش ئايال بىر قولىدا ئىككى ياشلار چامىسىدىكى قىزچاقنى كوتۈرۋالغان بولۇپ، توت-بەش ياشلاردىكى يەنە بىر ئوغۇل ئۇنىڭ كوينىكىنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ، بوينىنى قىسىپ تۇراتتى.

— مانا قاراڭلا، بۇ ھارامزادىنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش بالا-چاقىلىرى باركەن-ھە!-دەۋەتتى ساۋۇركام.

شۇ ئىش بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بىزنى دىداۋ كولاشقا ئېلىپ چىقتى. دىداۋ بىز ياتقان يەردىن ئۈچ-توت يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى بوشلۇقتا ئىكەن. ئىلگىرى، كىملەردۇ يېرىمىغىچە كولاپ تاشلىۋەتكەن بۇ كونا دىداۋنىڭ توپىسىدىن قۇم-شېغىل شۇقۇراپ توكۇلۇپ تۇرىدىكەن.

كەچتە، ئىشتىن قايتقاندا، «سولخەي» ئالدىمىزدا كەتتى. بىز ئارقىدىن مېڭىپ، يەنە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق. تەغدىرنىڭ ئۇنىڭغا بىز كورىۋاتقان كۈننى كورسىتىۋاتقانلىغىغا ئىچ-ئىچىمىزدىن خوشال ئىدۇق. شۇ چاغدا، ئارىمىزدا بىرسى: «ھەي ئاغىنىلەر، يەنە ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزغا كىرگۈزۈپ قويغان ئىشپىيون بولۇپ قالمىسۇن» دەپ قالدى. بۇ گەپ بىلەن ھەممىمىز خىيالغا چۈشۈپ قالدۇق. «سولخەي»گە بولغان

ئوچەنلىگىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى. «ھەي، مۇشۇ كۈينى ئەتە دىداۋنىڭ ئىچىدىلا بىر ياقلىق قىلىۋەتمەيلىمۇ، بىرەر ئەسكىنىڭ دۇنيادىن يوقالغىنىغا نىمە بوپتۇ. ئۇرۇپ شىغىلغا باسۇرۇپلا، دىداۋ بېسىۋالدى، قىلىمىز، كىم بىزدىن كورەتتى» دەپ قالدى يەنە بىرەيلەن. بۇ مەسلىھەت ھەممىمىزگە خوپ چۈشتى.

ئەتىسى مەن يوغان بىر كۆلۈچنى قوينۇمغا تىقىپ ئىشقا چىقتىم. مەسلىھەت بويىچە بىز ئۈچ كىشى ئۇنى جايلىماقچى ئىدۇق. قالغان ئىككەيلەننىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇكۇزدەك كۈچى بار، قاۋۇل يىگىتلەر بولۇپ، مۇشتۇملىرىنىڭ ھەر بىرى بازغاندەك ئىدى. ئاۋال مەن ئارقىدىن «سولخەي»نىڭ بېشىغا تومۇر كۆلۈچ بىلەن سالمەن، ئاندىن ئۇ ئىككەيلەن ئۇنى بىر تەرەپ قىلىپ، شىغىلنىڭ ئاستىغا باسۇردۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام...

كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە بىز «سولخەي» نى ئايرىپ ئېلىپ قالدۇق.

— جۇرۇ، كوتۇرۇشۇۋالىدىغان نەرسە بار!

بىز ئۇنى دىداۋنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىگە باشلىدۇق. ئۇ بىزنىڭ پەيلىمىزدىن قورقونۇچلۇق بىر ئىشنى سەزگەن بولسا كېرەك، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. كەڭلىكى بىر مېتىردىن سەل ئاشىدىغان، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىرغا يەتمەيدىغان بۇ تارچىلىقتا ئۇ قارشىلىق قىلىشقا ئاجىز ئىدى. گەپ قىلماي ئالدىمىزغا چۈشۈپ ماڭدى. ئەندىلا ئون-يىگىرمە قەدەم مېڭىپ تۇردۇۋېدۇق، ئارقىمىزدىن بىرسىنىڭ دۈكۈرلەپ كېلىۋاتقان شەپىسى ئاڭلاندى. بىز نىمە گەپكىن، دەپ توختاپ تىڭشىدۇق. قارىساق، ساۋۇركام ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يۈگرۈپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ بىزنىڭ مەسلىھەتىمىزدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئېھتىمال، شۇ ئارىدا بىرسى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغان ئوخشايدۇ. ئۇ بىزنى كورۇپ ۋاقىرىدى:

— توختاڭلار ئۇكىلار، توختاڭلار!

— نىمە بولدى؟!

— ماڭ ئۇكا، چىقىپ كەت! سېنى بەرىسى چاقىرىۋاتىدۇ!-دەپ، ئۇ «سولخەي»نى بىزدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ چىقىرىۋەتتى.

— قويۇڭلار ئۇكىلار، ئۇنداق قىلماڭلار، ھەركىم يامانلىق قىلغان بولسا ئوزىگە. ئۇنىڭ جازاسىنى خۇدا ئوزى بېرىدۇ. ئەسكى بىلەن تەڭ بولۇپ، ئوزىمىزنى ئەسكى قىلمايلى. ئۇنىڭمۇ ئۇششاق باللىرى بار ئىكەن، ئەمەسمۇ. مەن سوراپ قالاي!...

— ھەي، قانداق ئادەمسىز!-دەۋەتتىم مەن، جىلى بولۇپ.

شۇنداق قىلىپ قۇربان ئامان قالدى. ئەتىسى ئۇنىڭ ئايالى يەنە ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا تاماق ۋە تاماكا ئەكىلىپ بەردى. «سولخەي» ئايالى تاماكا ئېلىپ كەلگەن يوغان خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بىر سىقىم تاماكىنى ئېلىپ ئالدىمغا كەلدى.

— تەڭ چېكەيلى، خېلى جىق ئەكەپتۇ.



يامان ئەمەس كورۇنىدۇ.

— كوتەر بۇ نىمەڭنى!

مەن ئۇنىڭ قولىغا بىر قويىۋېدىم، ئۇچۇمىدىكى تاماكىنىڭ ھەممىسى يەرگە چېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ پىشانىسىدىن پۇژژىدە تەر چىقتى. ئۇ، يەنە بىر سىقىم تاماكىنى ئېلىپ، يېنىمدىكى كىشىگە تەڭلىدى. ئۇ كىشىمۇ يەرگە بىرتۇكۇرۇپ، تەتۇر قارىۋالدى. ئۇ، تاماكىسىنى كوتۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا باردى. ھېچكىم ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئالمىدى، ئاخىرىدا ئۇ، ساۋۇر ئاكىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ساۋۇركا! سىز بولسىڭىزمۇ ئېلىپ قويىڭە، ئەندى تەڭلەپ قاپتىمەن.

— ئەكە، ئۇكا!

ئويلىمىغان يەردە، ساۋۇر ئاكا ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئېلىپ، يانچۇغىغا قويدى ۋە:

— مەيەرگە ئولتارغىنە. ئەشۇ كەلگەن سېنىڭ باللىرىڭمۇ؟-دەپ سورىدى.

بۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بىر ئادەمنىڭ بىرىنچى قېتىم «سولخەي» بىلەن رەسمىي پاراڭلىشىشى ئىدى. «سولخەي» گېلىگە بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ سوزلىيەلمەي قالدى-دە، بىردىنلا كىچىك بالىدەك ھوڭگەرەپ يىغلىۋەتتى...

3

ئەگەر، ۋەزىيەت ئوزگەرمىگەن بولسا، بىز ھېلىقى «ئۇگىنىش كۇرس»دا يەنە قانچىلىك «دەرس» ئالاتتۇقكىن. 1976-يىلىدىكى، خەلقنىڭ غايەت زور غەلىبىسىدىن كېيىن بىزمۇ ئازات بولۇپ تارقىشىپ كەتتۇق.

ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئوتتى. بىر كۇنى بىرسىدىن: ساۋۇركام يېزا بازىرىدا ئاشخانا ئېچىپتۇ، دىگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇ ئادەمنى ئۇزۇندىن بېرى كورمەي، سېغىنىپمۇ قالغان ئىدىم. بېرىپ تاماقنى يېگەچ بىر پاراڭلىشىپ كەلمەكچى بولدۇم.

ۋاي-ۋۇي! بىزنىڭ بۇ بازار نەمە دىگەن ئاۋاتلىشىپ كەتكەن. قارىمامسىز، گوش-ياغ، سەۋزە-پىياز، ئوتۇن-ياغاچ، مەڭگەن-سامان، قوي، توخۇ، ئۇن، ھەر خىل مىۋىلەر، تاتلىق-تۇرۇملار ھەممىسى سېتىلىدىكەن. ئادەمنىڭ جىقلىقىنى دىمەمسىز. مەن قىستىلىپ يۇرۇپ ساۋۇر ئاكىنىڭ دۇكىنىنى ئاران تاپتىم. پىششىق تاماق ساتىدىغانلار ئۇچ-ئون ئاجرىتىلغان قاتاردا ئەپلىك بىر جايدا ئىكەن. ئاش سالىدىغان يوغان قازان پورۇقلاپ قايناپ تۇرۇپتۇ. بىر تەرەپكە توغرالغان سەي-گوشلەرنى رەتلىك تىزىپ قويۇپتۇ. ساۋۇر ئاكا ئاق بوك كىيىپ، ئاق پەشۋال تارتىپ، ساپلىقنى ھەۋەس بىلەن تاراقلىتىپ، ھەدەپ سەي قورۇۋېتىپتۇ. مەن ھەيران قالدىم، ھەيران قالغىنىم: دۇكاندا خىمىر تارتىپ، ئاش سېلىۋاتقان ئادەم دەل ھېلىقى «قۇربان سولخەي» ئىدى.

ياللا! بۇ ساۋۇركام-زە، «ئاتاڭنى ئولتەرگەنگە ئاناڭنى بەر» دىگەننى تازا ئوقىغان ئادەمكەندە! مېنىڭ بىردىنلا جۇدۇنۇم تۇتتى. بۇرۇلۇپ، كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، ئاڭغىچە ساۋۇركام مېنى كورۇپ قالدى:

—ھوي، توختاخۇنمۇ بۇ،نىمانداق...

ئۇ، ئالدىمغا چىقىپ، قولۇمدىن سورىگىنىچە دۇكىنىغا ئەكىرىپ كەتتى. ھېلىقى «سولخەي» ئالدىراشلىقتا خېمىر قوللىرى بىلەن كېلىپ مەن بىلەن كورۇشمەكچى بولغان ئىدى، مەن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا: «ھە-ھە، قانداغراق!» دەپ قويۇپلا ئوتۇپ كەتتىم.

دۇكاندا تاماق يەۋاتقان بىر نەچچە خېرىدار بار ئىكەن. مەن ئارقىمدىكى ئۇستەلگە ئوتۇپ ئولتاردىم. «سولخەي» دەرھال جوزىنى سۇرتۇپ، بىر پىيالە چاي قويۇپ بېرىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قارىمىدىم. ساۋۇر ئۇستام بىر ساپلىق سەينى قورۇپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، بىر تەخسە گوشلۇك سەي بىلەن ئاش كوتۈرۈپ كېلىپ، يېنىمدا ئولتاردى. ئۇنىڭ كوزلىرى يەنە كۈلۈپ تۇراتتى.

—تامىقىمىزنىڭ تۈز-تەممىنى تېتىپ باق، ئۇكا.

—ساۋۇركا، بازار يامان ئەمەستۇ؟

—رىسقىغا چۈشلۈق، ئۇكام. بۇ تەرەپلەرگە پەقەت كېلىپ باقمىدىڭ، ھە؟ دىگەن بىلەن ئىشنى يولغا سېلىۋالدۇق.

—بۇ ئىشنى يەنە قۇيرۇغىڭىزغا چېتىۋاپسىزغۇ-دىدىم مەن، قازان بېشىدا ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن «سولخەي»نى شەرەت قىلىپ.

—ۋاي ئۇكام، بىلمەيمەن. ئۇنى ھەممىڭلار يامان ئالىسىلەر. سەن بىلمەيسەن. مەن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان پاراڭلاشتىم. ئۇ، ئەسلىدە كېۋلۈگ دەمدۇ، بىر ئىدارىنىڭ كاددىرى ئىكەن. ئاتا-ئانىسى بۇرۇن ناھايىتى بارلىق ئوتكەن ئادەملەر ئىكەن. كېيىن ئۇنى ئىدارىسىدىن «سىنىپىي تەركىۋىنى يوشۇرغان» دەپ بوشۇتىۋېتىپتۇ. ئۇزىمۇ شۇ ئاق قەغەزنى قارا قىلىشتىن باشقا ھونەرنى ئۈگەنمىگەن بولغاشقا، جەمىيەتتە جىق تەنتىرەپ يۈرۈپتۇ. مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى باشلانغاندا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر ئاكتىپ بولۇپ، خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالاي، دەپ ئويلاپتىكەن. بۇرۇنقى ئىشلىگەن ئورنىدىن ئۇنىڭ ماتىرىيالى بىلەن «بۇ ئادەمدە چوڭ گۇمان بار» دىگەن بىر پارچە قەغەز كېلىپ قېلىپ ھەممە ئىشنى بۇزۇپتۇ. ھەي ئۇكام، يېڭىلمەس ئاللا، بىز ئىنسان ھەممىمىز خام سۇت ئەمگەن بەندە. ئازمايدىغان ئادەم يوق...

ئۇ مايلىشاڭغۇ قوللىرىنىڭ ئارقىسى بىلەن بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، يەنە سوزلەپ كەتتى:

—ئۇكام، راستىنى ئېيتسام: مېنىڭ شاراباراچىلىقىمۇ يامان ئەمەس ئىشتى. قارىسام بۇ ئىشىم يەنە تەنتىرەپ قاپتۇ، خىزمىتى توغرىسىدا يۇقۇرغا ئەرىز بېرىپ قويغان ئىكەن، تېخى ھەل بولماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ: ئاكا، ئاڭلىسام ئاشپەزلىكمۇ قولىڭىزدىن كېلىدىكەن، بىر ئاشخانا ئاچساق، مېنى خىمىرغا ئۈگەتسىڭىز. سىزنىڭ سايىڭىزدا مەنمۇ كۈن ئالسام، دەپ قالدى. شۇنىڭ زورى بىلەن بۇ دۇكاننى ئېچىپ قالدۇق. خىمىرغا ئوبدانلا قولى كېلىپ قالدى. ئوتكەن ئىشلارنى زادى يۈزىگە سالمايمەن. ئىنساننى قاتتىق ئۇيالدۇرۇش گۇناھ، ئۇكام. ھازىر تاپقىنىمىز تەڭ، كۈنىمىز يامان ئەمەس كېتىپ بارىدۇ. قېنى، ئاش سوۋۇپ قالدى. بەھوزۇر ئىچىڭ ئۇكا، مەن ئوچاق بېشىغا بىر چىقاي...

1980-يىلى، بىر كۈنى ئەتىگەندە ساۋۇر ئاكىنى ئۇچرۇتۇپ قالدىم. بىر قولىدا يوغان سومكا، قولتۇقىدا چوڭ بىر خالتا. يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بولالماي ئارانلا مېڭىپ كېلىۋاتىدۇ.

—ھوي، ساۋۇركا! نەگە؟

ساۋۇركام مېنى كورۇپ خوشال بولۇپ كەتتى:

—ئۇكام، ماۋۇلارنى ۋېلىسىپىتىڭغا ئېلىپ، ئەۋۇ كوچىغىچە ئاپىرىشىپ بېرە!

ئۇنىڭ قولىدىن سومكا، خالتىلارنى ئېلىپ ۋېلىسىپىتىمغا ئارتتىم. ئۇ، بىر قولىدا ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىدىكى خالتىنى تۇتقاچ مېڭىپ پاراڭغا چۈشتى:

—بىزنىڭ ھېلىقى «شاگىرت» ئورۇمچىگە ماڭماقچى، شۇنىڭ ئويىگە كېتىپ بارىمەن.

مەن دەرھال «قۇربان سولخەي»نى ئەسكە ئالدىم.

—ئىشى ھەل بوپتىمۇ؟

—ھە، ئىدارىسى چاقىرتقىلى خېلى بولغان. ئاخىرى ئۇلارنى ئائىلىسى بىلەن كوچۈرۈپ كەتمەكچى بولۇپ ماشىنا ئەۋەتىپتۇ. بالىلىرىنىڭ تەلىيى

دېگىنە، ئۇكا.

بىز ئازراق مېڭىپ، بىر تار كوچىغا ئەگىلىشىمىز بىلەن ئۇستىگە ئوي-جابدۇقلىرىنى بېسىپ، مېڭىشقا تەييار تۇرغان ماشىنىنى كوردۇق، كابىنكىنىڭ ئىچىگە قۇرباننىڭ ئايالى باللىرى بىلەن چايلىشىپتۇ. يۈكنىڭ ئۇستىگە ئولتۇرۇۋالغان قۇربان بىزنى كورۇپلا يەرگە چۈشمەكچى بولدى.

—بولدى، بولدى. چۈشمەڭ!-دېيىشتۇق بىز. ساۋۇر ئاكا ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

—ماۋۇ ئازراق ئۇن ئۇكام، بارغاندا باللىرىڭ بىلەن يەسەن. ماۋۇ سومكىدىكى ساڭا قىلغان يوللۇغۇم. ئاز بولسىمۇ ئال. كوڭلۇمدە جىق ئويلىغانلىرىم بار ئىدى، هى…هى…هى.

—ساۋۇركا، نىمانچە ئاۋارە بولىسىز، بۇنىڭسىزمۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز ئازمۇ!

—ئاۋۇ سومكىنى ئوبدانراق يەرگە قوي، ئۇكا. بولمىسا قولۇڭدىلا تۇتىۋال. هە، ئۇزەڭمۇ مەھكەم ئولتا! ياخشى-يامان دېيىشكەن بولساقمۇ رازى بول!…

ساۋۇركام شۇنداق دېيىشى بىلەنلا، ماشىنىدا ئولتارغان قۇرباننىڭ بوغدىيىگى يۇقۇرى-توۋەن ھەركەتلىنىپ، كوزلىرىدىن تاراملاپ ياش توكۇلۇپ كەتتى. ساۋۇر ئاكامنىڭ كوزلىرى يەنىلا كۇلۇپ تۇراتتى.

— هەي ئاخماق بالا، خوشال بولماي نىمگە كوڭلۇڭنى بۇزىسەن. قېنى شوپۇر ئۇكا، ئەندى هەيدىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ماشىنا قوزغۇلۇپ كەتكەندە، قول سىلكىپ تۇرغان ساۋۇركامغا يەنە كوزۇم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ هېمىشە كۇلۇپ تۇرىدىغان كوزلىرى هازىر ياشقا تولۇپ پاقىراپ كېتىپتۇ. نىمىشكىدۇ، مېنىڭمۇ بۇرۇنلىرىمنىڭ ئۇچى ئېچىشىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى…

قۇربان كېتىپ، ئارىدىن ئاز ۋاقىت ئوتمەي، مەھەللە كوچىلىرىدا يەنە ساۋۇر ئاكا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ مۈرىسىدە ئۇزۇن يىللار ئىشلىنىپ سىلىقلىنىپ كەتكەن شۇ كونا ئەپكەچى، لېكىن، ئەپكەچنىڭ ئىككى بېشىدىكى سېۋەتلەر بۇرۇنقىدىن كىچىك ۋە يېڭى ئىدى.

— شارا - بارا! كونا - يېڭى بارمۇ!

بۇ تونۇش ئاۋاز كوچىمىزدا قايتا ئاڭلىنىشى بىلەنلا مەن يۇگۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم. ساۋۇر ئاكىنىڭ كوزلىرى يەنە بۇرۇنقىدەك كۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ ئەپكەچىنى قويۇپ، ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ مېنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى.

—ئۇكا، ياشىنىپ قاپتىمەن. ئاشپەزلىكىمۇ ئېغىر ئىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە شاگىرت كېتىپ قالدى. دۇكاننى باشقا بىرسىگە ئوتكۇزۇپ بەردىم. مەھەللە هوكۇمىتى ماڭا ئېتىۋار بېرىپ، كونا ماللارنى يىغىپ، سېتىۋالىدىغان بىر دۇكان ئېچىپ بەردى. دۇكانغا كەلگەن نەرسىلەرنى سېتىۋالىمەن. بەزىدە،مەھەللىلەرگە ئوزەم چىقىپ يىغىۋالىمەن، هى…هى…هى. ئوگىنىپ قاپتىمەن دېگىنە. مۇشۇ كوچىلارنى ئانچە-مۇنچە بىر ئارىلاپ تۇرمىسام ئىچىم پۇشۇپ قالىدۇ. تاپاۋىتىم يامان ئەمەس. هى…هى…هى. «ئولمىگەن جاندا ئۇمىت بار» دېگەن شۇ. هېلىقى زەي ئويدە يېتىپ كەتكىنىمىز ھە، ئۇكا ؟ شۇ كۇنلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

— قۇرباندىن خەت كەلمىدىمۇ؟

—كەلدى، كەلدى. بىرىپلا ئىككى-ئۇچ پارچە خەت يازدى. ئىككى-ئۇچ مىڭ سومدەك قايتۇرۇش سوممىسى ئاپتۇ. هازىر تۇرمۇشى خاتىرجەم ئىكەن. ئۇنىڭ بۇرۇن يازغان، يەردىن چىقىدىغان مەدەن دەمدۇ، بىرنىمىلەر توغرىسىدا يازغان كىتاپىتەك بىر نەرسىسى بار ئىكەن، هازىر ئۇ، شۇنى يېزىۋېتىپتۇ دەك،

(داۋامى 42-بەتتە)

# تيانشان بويلاپ...

(سەنۋىن)

غەيرەت ئابدۇللا

## مۇقەددىمە

1981-يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن، ئېيۇن ئېيىنىڭ بېشىغىچە، بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىلەن تيانشاننىڭ غەربىي ئېتىكى — گۈل-گۈلىستان ئىلى ۋادىسىنى كېزىپ، ئون نەچچە مىڭ كىلومېتىر مۇساپە باستىم. تاغ قاپتاللىرىنى يېشىللىققا پۈركەپ، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ ئۆسكەن قات-قات ئارچا-قارغايلار، ئېگىز چوققىلاردىن ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈپ، چىمەنلىق قىرغاقلىرىنى سۆيۈپ ئوينىغىنىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىنىڭ شاۋقۇنلىرى، رەڭمۇ-رەڭ تاغ گۈللىرى بىلەن تولغان بىپايان ئوتلاقلاردا يامىرىغان توپ-توپ مال-ۋارانلار،... كىگىز ئۆيلەر، چوپانلارنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ناخشا-ئۆلەڭلىرى، پۈتۈن ئىلى ۋادىسىغا كۆمۈش كەمەردەك ياراشقان ئىلى دەرياسى، دەريا ساھىللىرىدىكى كۆز يەتمەس بىپايان ئالمىلىق باغلار، بەرىكەتلىك سالا ئېتىزلار،... بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكەندە، ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل يۈكسەك ئىپتىخارلىق چۇلغىدى. قەلبىمدە بۇ ئېزىز تۇپراققا بولغان مۇھەببىتىم يەنە باشقىچە يالقۇنجىدى. غۇلىچىمنى كەڭ يېيىپ بۇ گۈزەل زېمىننى قۇچاقلىغىم كەلدى. ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ ئاخىرى، قەلىمىم بىلەن يان دەپتىرىمنى قولۇمغا ئالدىم...

## ئۇلۇغ خەلق

بىز توققۇزتارا ناھىيىسىدىن تېكەس ناھىيىسى تەۋەسىگە ئۆتۈپ، ئىككى تەرىپى تىك قىيا تاغلىق تاشيول بىلەن ئالدىمىزدا كورۇنۇپ تۇرغان ئېگىز بىر چوققىغا قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدۇق. بۇ ئاپرېل ئېيىنىڭ باھار ئاپتىۋى يەر-زېمىنغا قايتىدىن يېڭى ھايات بېغىشلاۋاتقان، پۈتۈن دالا يېشىللىققا پۈركۈنۈپ، رەڭمۇ-رەڭ تاغ گۈللىرى چىرايلىق غۇنچىلاۋاتقان خاسىيەتلىك كۈنلىرى ئىدى... بىر مەھەل يۈرگىنىمىزدىن كېيىن، توساتتىن، كۈن نۇرى ئۆچتى، تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قاتمۇ-قات تۇمانلار ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق، ئۈستىمىزدە بىر پارچە قارا بۇلۇت پەيدا بولدى-دە، چېلەكلەپ قۇيغاندەك شاقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. يول بىر ئېقىنغا ئايلىنىپ، يىغىلىپ ئېقىپ كەلگەن يامغۇر سۈيى ئىچىدە قالدۇق. سۇنىڭ كۆچلۈك شاۋقۇنى، يامغۇرنىڭ دەھشەتلىك شاقىرىشى قۇلاق-مېڭىنى يەيتتى... يامغۇر بىردىن مولدۇرگە ئايلاندى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە، ئەتراپ، تاغ ئېتەكلىرى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتتى... مولدۇر بارا-بارا قارغا ئايلىنىپ، بوران بىلەن بىرلەشتى. بۆرىدەك ھۇۋلاپ تۇرغان ئاچچىق شىۋىرغان ھېلى ئۇڭدىن، ھېلى سولدىن ئۇراتتى. ماشىنىنىڭ ئىشىكلىرىنى قانچە مەھكەم يېپىۋالغىنىمىز بىلەنمۇ، ئۇزۇھەرلىك تىلى بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلاتتى. قارغايلارمۇ ھەي-

ۋەتلىك قاراسلاپ، تاغ چوققىسىدا بىر قورقۇنۇچلۇق مەنزىرىنى پەيدا قىلغان ئىدى. مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن داۋاننىڭ پەللىسىگە چىقتۇق ۋە تىكەسىكە قاراپ چۈشۈپ كەتتۇق. بىز داۋاندىن چۈشۈپ بولغىچە بوران توختاپ، تۇمان تارقىدى. بارا-بارا ھاۋامۇ ئېچىلىپ كەتتى... بىز تىكەسىكە يېتىپ كەلگەندە، قۇياش ئۆزىنىڭ ھالرەڭ شولىلىرىنى قارلىق چوققىلاردا قالدۇرۇپ، پېتىپ كېتىۋاتاتتى... نىمە دىگەن ئۆزگۈرۈشچان ھاۋا-ھە. بىر قانچە سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىنى كۆردۇق...... تۇرۇپ ئويلاپ قالدىم: ھاۋارايى شۇنچىلىك ئۆزگۈرۈشچان بولسىمۇ، بۇ يەردە بەربىر مېنىڭ خەلقىم ياشاپ كەلدى. ياشىغاندىمۇ، جۇت-شىۋىرغان، قار ۋە يامغۇر، تومۇز ۋە ئاياز دىمەي، ئۇنىڭ مىنۇتسېرى ئالمىشىپ تۇرغان ھەر خىل كۆلپەتلىرىدىن قورقماي، شەمشاتتەك قەد كېرىپ ياشاپ كەلدى. بەلكى، شىددەتلىك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىدا ھەمىشە يۈز كۆزىنى يۇيۇپ تۇرغان مەغرۇر قىيا تاشلاردەك، بەرداش بىلەن ياشاپ كەلدى. ئۇ، ئۇزىنىڭ ئەنە شۇنداق قەيسىرانە ھاياتى بىلەن بۇ زېمىننى گۈل-گۈلىستان قىلىپ قۇرۇپ چىقماقتا.

ئېھ، ماڭا مۇشۇنداق ئۇلۇغ خەلقنىڭ ئوغلى بولۇشتىن ئارتۇقمۇ شان-شەرەپ بارمۇ؟!...

## خانتەڭرى

خانتەڭرى! ئەي، خانتەڭرى، ئېيتقىنا، قانچە ياشقا كىردىڭ؟ يەنە قانچە يىل ياشارسەن؟... بۇ سوئالنى مەن مۈڭگۈلكۈرەدە، خانتەڭرىنىڭ ئېتىكىدىكى شوتا يېزىسىغا يېقىنراق بىر دالادا تۇرۇپ، بۈيۈك خانتەڭرى چوققىسىدىن سورۇدۇم. لېكىن، بۇ بۈيۈك چوققا كەڭ ساماغا غولاچ يايغىنىچە ئۈنچىقماي تۇراتتى. شۇ، تاپتا ئۇنىڭ سىياقى ماڭا باشلىرى ئاقارغان زور گىگانت ئادەمدەك، بەلكى، يەر-زېمىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ، پەقەت مەۋجۇداتلارلا ئەمەس، بۇندىكى ھەر بىر گىيادىن تارتىپ قۇياشقىچە، ھەتتا ئالەم بوشلۇغىدىكى ھەر بىر سەييارىلارغىچە، ھەممە نەرسىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششىنى، ئۇلار ئىچىدىكى ئاجايىپ سىرلىق تىلسىماتلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان ۋە بىلىپ تۇرىدىغان تەڭداشسىز داناتەك بولۇپ كۆرۈندى. خانتەڭرى — ئۇلۇغ ۋەتەن ۋە ئۇلۇغ خەلقىمنىڭ سىماسى. مەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇۋلىشى ياكى چىقىراشلىرىنى ئەسلىتىدىغان، جۇت-شىۋىرغان ھوكۈم سۈرگەن ئەشۇ تالاي ئەسىرلەردە، قەددىنى پۈكمەي، قەيسىرانە ۋە مەرتلىك بىلەن مەغرۇر ياشاپ كەلگەن بىر يۈكسەك مەردانىلىقنى ھېس قىلدىم. مەن ئۆز-ئۆزەمگە دىدىم: ھەي، خانتەڭرى! ئەشۇ چېكى يوق قارا تۈنلەر سېنى يۇتۇپ كېتەلمىدى. سېنىڭ ھەر بىر ئۇلۇغ تىنىشىڭ ئىسراپىلنىڭ نەرىسىدەك، پۈتۈن زېمىننى ئويغۇتۇپ تۇردى. سەن ئەشۇ قارا تۈنلەر ئىچىدە ھەر تەرەپكە ئەلەملىك باققىنىڭدا، كۆز نۇرۇڭ چەكسىز سامادا چېقىلغان چاقماق بولۇپ، زېمىننى يورۇتۇپ تۇردى. بەلكى، ۋۇجۇدۇڭدىكى سانسىز جىرالار شۇ كۈنلەردە ساڭا ئۇرۇلغان قىلىچ ئىزلىرىدۇر، ئېقىن سۇلار سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭدۇر... لېكىن، سەن ھامان زەبەردەس بولۇپ، مەغرۇر قەد كېرىپ كەلدىڭ... ئاخىر، ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىكىڭ بىلەن يېڭى تاڭنى كۈتۈۋالدىڭ. مەڭزىڭنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ساي-جىرالاردىكى سۇلار سېنىڭ شاتلىق يېشىڭغا ئايلاندى. پۈتۈن قوينىڭ رەڭمۇ-رەڭ گۈل-چېچەك ۋە نەپىس چىمەنلەرگە كۆمۈلدى. بىلسەڭ، بۇ گۈل-چېچەكلەر بۇ زېمىننىڭ سېنىڭ بەرداشلىقىڭ ۋە ئۇلۇغلىقىڭ ئۈچۈن ئايىغىڭغا سالغان پايانداز ياكى ساڭا سۇنغان گۈلدەستىسىدۇر......

خانتەڭرى، ئەي، چوققىلار شاھى! ئۇلۇغسەن... بۈيۈكسەن!...

## گۈل زېمىن

پاھ، گۈلدىن يارالغان زېمىنمىدۇ-بۇ؟! تاغلىرى گۈل، باغلىرى گۈل، ئېتىزلىرى گۈل... ھەتتا كىشىلەرنىڭ ھويلا-ئاراملىرىمۇ گۈل.... مەن توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ موخۇر دەپ ئاتىلىدىغان بىر جىلغىسىدا كېتىپ بېرىپ شۇنداق ئويلىدىم.

ئەتراپ ئۇستا رەسسام سىزغان گۈزەل رەسىمدەك كۆركەم ئىدى. بۇ كەڭ جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى ھوپپىدە ئېچىلغان گۈل-چېچەكلەرگە، بەرق ئۇرۇپ ياشناۋاتقان ھەرخىل مايسىلارغا كۆمۈلگەن ياكى چايقىلىپ تۇرغان گۈل دېڭىزىنى ئەسلىتىدىغان يانتۇلۇق ئىدى. بۇ يەردىكى بۆككىدە ئۆسكەن ياۋا ئۆرۈك، ياۋا ئالما ۋە ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر ئاچقان رەڭدار گۈل-چېچەكلەرنى كىشىنىڭ، ناھايىتى چوڭ گۈلدەستىلەرمىكەن، دېگۈسى كېلەتتى. جىلغىنىڭ سول تەرىپىدە، چىمەنزار قىرغاقلارنى سويۇپ ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى، ئېقىن بويلاپ ئۆسكەن ئەۋرىشىم تال مەجنۇنلار، قېيىن، تېرەك ۋە باشقا دەل-دەرەخلەرنىڭ تەبىي گىرەلىشىپ ئۆسۈشى ۋە قېدىمقىلىقى، كىشىگە قاندۇقتۇ خىيالى تەسەۋۋۇرلاردىكى پەرىشتىلەر ۋە ھورى-غىلمانلارنىڭ خاس سەيلىگاھىنى ئەسلىتەتتى... يىراق-يىراقلارغا كۆز تىككىنىمدە، جۇلالىنىپ تۇرغان تاغ گۈللىرىنى كۆرۈپ، ھەسەن-ھۈسەن مۇشۇ گۈل زېمىنىنىڭ كۆكتىكى ئەكسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. تۇرۇپ يەنە پۈتۈن جاھاندا توقۇلىۋاتقان زىلچە-گىلەم، دۇردۇن-ئەتلەسلەرگە، جۇملىدىن پۈتۈن گۈزەللىككە تەبەت ئەنداز بولسۇن، دەپ، تەغدىر بۇ زېمىننى شۇنداق كۆركەم كەشتىلەپ چىققانمىكىن، دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم... ياق، يەنە باشقىچە ئويلىدىم، بىلەمسىلەر؟ بۇندىكى شەپەقتەك تاۋلىنىپ ياتقان قىزىل چوغلۇقلار-ئاخشام توكۈلگەن، تېخى سوۋۇپ پۈتمىگەن قىزىل قانلار... ئاق قاردەك يېيىلىپ ياتقان بىپايان گۈل-چېچەكلەر- بۇۋام سادىر، مومام نوزۇگۇمدەك، جاھالەتكە قارشى تىغ كۆتەرگەن گۇناسىز قۇربانلارنىڭ جەسەدىگە يېپىلغان يوپۇق. باشقا رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەر-ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇلۇغلاپ قەبرىگە قويۇلغان گۈلدەستىلەر...

گۈل زېمىن! ئېرخ ئانا زېمىن، مەنمۇ قۇچىقىڭنى بېزەپ تۇرغان رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ بىرسى بولۇپ ئېچىلىپ ئۆتسەم، دىلىمدا نېمە ئارمان قالاتتى-ھە!...

## تاغ سۈيى

تاغ سۈيى، ئەي، توختىماس ئېقىن، تۈگىمەس ئېقىن! ئۇخلىماس ئېقىن! سېنىڭ بويىڭدا تەنھا، ساڭا تىكىلىپ تۇرۇمەن... سېنىڭ ئەتراپىنى جانلاندۇرغۇچى سورەن-شاۋقۇنۇڭ مېنى ئېغىر يىللار ئىچىدىن ئويغۇنۇشقا دالالەت قىلىدۇ. سېنىڭ شوخ دولقۇنۇڭ تېپ-تېچ تۇرغان قەلبىمگە ئاجايىپ جەڭگىۋار روھ بەخش ئېتىدۇ. سېنىڭ تاغدىن-تاققا سەكرەپ، ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان شاقىراتمىلىرىڭ مېنى جۇشقۇن ياشاشقا ئۈندەيدۇ!

تاغ سۈيى! سەن قاتمۇ-قات مۇز بىلەن قاپلانغان ھەيۋەت چوققىلاردىن، مىڭ گەز قېلىن كۆلتۈك قار بىلەن كۆمۈلگەن تاغ تىزمىلىرىدىن تامچىلاپ چۈشۈپ، ئۇلۇغ ئېقىنغا ئايلىنىسەن... ئاقىسەن... ئۇخلىمايسەن. ئۆمۈر بويى پۈتۈن ھاياتىڭنى سورەن-چۇقانلىرىڭغا جۆر بولىسەن. كېچىلىرى پۈتۈن زېمىننى شېرىن ئۇيقۇسى بىلەن قوينىغا ئالغان تۈن قۇچىقىنى يىگانە جانلاندۇرىسەن. سەنە سېنىڭ تىنىمسىز ئېقىمىڭ، خاسىيەتلىك شاۋقۇنلىرىڭ- گويا بۇ بىپايان زېمىننى ئويغۇتۇپ تۇر

جاراڭلىق قوڭغۇراق.

ئەي، تاغ سۈيى! سانسىز يىللار مۇشۇ يەتتى كوۋەجەپ، تاشقىنلاپ ئاقتىڭ. بەلكىم يەنەچەكسىز يىللار ئاقارسەن. ئىشىنىمەن، سەن ئاجايىپ قەيسەر هاياتى كۈچكە ئىگە...

تاغ سۈيى، تىڭشا! يېشىل زۇمرەت كەبى جىلۋىلىنىپ،ئەمما غەپلەت ئۇيقىسىدا ياتىدىغان سۈزۈك كولنىڭ سۈيى بولغىچە، سېنىڭدەك مەڭگۈ ئويغاق، گۈكىرەپ، كوۋۈكلىنىپ ئاقىدىغان تاغ سۈيىمگە قەترە بولۇپ قېتىلغۇم بار...

## شائىرنىڭ يۇرتى

ئىلقا ناھىيىسىگە قاچان يېتىپ بارىمىز؟ دەپ شۇنچە ئىنتىزار بولدۇم. چۈنكى ئۇ، بىزنىڭ يالقۇنلۇق شائىرىمىز لۇتپۇللانىڭ يۇرتى... ئاخىرى، يېتىپ كەلدۇق. ئىلقىدا قونغان تۈنجى كېچىدە ئويان ئۇرۇلۇپ-بۇيان ئۇرۇلۇپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. كۆز ئالدىمدا شائىرنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازى تۇراتتى. تەسەۋۋۇر كوزۇم بىلەن كورۇۋاتىمەن: ئەنە، يېشى 60 قا كىرىپ قالغان، چاچ-ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان شائىر بوۋام، بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا ئەترەك پەلتۇ كىيىپ، قولىنى كەينىگە تۇتقان هالدا تەمكىن تۇرۇدۇ. كوزلىرى هېلىھەم بۇرۇنقىدەك: ئۈمىت بىلەن چاقناپ، چىرايىدا بىرخىل جەسۇرلۇق، مەردانىلىق جۇش ئۇرۇدۇ. لەرزان چىقىۋاتقان دالا شامىلى ئۇنىڭ بويىنىغا ئورىغان شارپىسىنى يېنىك ،ئۇچۇرۇپ، قاردەك ئاق چاچلىرىنى تارايدۇ... ئەنە، راستىنلا كورۇۋاتىمەن: ئۇ، ئىلقا دەرياسىنىڭ بويىدا، گايى دەريانىڭ كوۋۈكلىنىپ مەۋج ئۇرۇشىغا كوز تىكىپ، گايى دەريانىڭ هەيۋەتلىك شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سېلىپ، گايى بۇ جانىجان ۋەتەنىنىڭ لالىزار قۇچىقىغا خىيالچان تەلمۈرۈپ سۈكۈتتە تۇرۇدۇ. شۇ تاپتا ئۇ، كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئوتۇپ كەتكەن 30-40 يىل ۋاقىت ئىچىدە بۇ زېمىن ئۈستىدە بولغان يېڭى ئوزگىرىشلەرنىڭ سىرىنى بىلمىش ئۈچۈن قىزىقىپ تۇرامدىكىن؟! ياكى ئۇنىڭ قەلبىدە يەنە ئەۋلادلىرىغا كۆرەشچان ئىنتىلمىش، جەڭگىۋار روھ بەخش ئېتىدىغان يېڭى، ئۇلۇغۋار شېئىرىي پىكىرلەر تۇغۇلىۋاتامدىكىن؟!... خىياللىرىم شۇنچىلىك شېرىن بولسىمۇ، بىراق ئۇ، تۇماندەك تارقاپ تۈگىدى. مەن ئېسىمنى يىغدىم. ئوتكەننى ئەسلىدىم... شائىر لۇتپۇللا گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ جادۇسىدا توغرالغان.ئۇ،قۇربان بولغان،لېكىن خەلقىم ئۇنى تۇپراققا ئەمەس ئوز قەلبىگە كومدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى- پارلاق يېڭى دۇنيا يارىتىشنى نىيەت قىلغان باتۇر، ئەزىمەتلەرنىڭ قارا تۈننى كويدۇرۇپ تاشلاشقا چالغان جەڭ سىگنالى ئىدى......شائىر ۋاپات بولغانبولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى، شېئىرلىرى هامان بىز بىلەن بىللە، بەلكى قۇياشنىڭ ئومرى بىلەن تەڭ ياشايدۇ. ئۇ، مەڭگۈ بىزگە جەڭگىۋار روھ ئاتا قىلىپ تۇرۇدۇ.

شائىرنىڭ يۇرتى، ئەي، ئانا زېمىن! لۇتپۇندەك ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەردىن يەنە مىڭلاپ، تۈمەنلەپ ئوستۇر. بۈگۈنكى يېڭى ئوزۇن سەپەرمۇ ئەنە شۇنداق باتۇر ئوغلانلارغا مۇهتاج...

## خاتىمە

مەن بۈگۈن قويۇن دەپتىرىمنى يەنە قولۇمغا ئېلىپ، يۇقۇرقى بەش پارچە كۈندىلىك خاتىرەنى قايتا كورۇپ چىقتىم. چىرايىم شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، جىق خىجىل بولدۇم. چۈنكى، قەلبىمدە قانچىلىك ئىلهام ۋە هېسلار مەۋج ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، تىل ۋە ئىدرەك قىلىشقا كەلگەندە، شۇنچىلىك گاداي ئىكەنلىكىمدىن ئېيتقۇسىز ئەپسۇسلاندىم. نىمە ئىلاج... ئوزەمنى بەزلىدىم... ئانچەمۇنچە دۇدۇقلاپ سوزلەشنى ئۆگەنگەن بولسامۇ، هېلىھەم تېخى بوۋاق يېتىم بىلەن ئىكەنلىكىمنىهېس قىلدىم. مەيلى، كىتاپخان مېنى چۈشۈنەر، كىتاپخان مېنى كەچۈرەر...



# هارۋىكەش

## ( ھېكايە )

ئابدۇرېھىم ناسىر

نۇرنىسا كويۇك ئاپتاپتا توپا داۋاندىن چۈ-
شۈپ كەلمەكتە ئىدى. هارۋىكەشلەر بۇ قەدىمى
هارۋا يولى بىلەن داۋانغا ياماشقاندا، ئېتىنى
قامچىلاپ «چۇ! دىرىت!» دېيىشىپ چۇقان سېلى-
شاتتى. تۆۋەنگە چۈشكەندە ئاتنىڭ ئېلىپ قې-
چىشىدىن قورقۇپ، هارۋىنىڭ كەينىگە كۆمۈرسو-
رۇتۇپ قويۇشاتتى. ياز كۈنلىرى، هارۋىكەش، توپا
داۋاننىڭ قىزىق، قوڭۇرتوپىسىنى كېچىپ ماڭات-
تى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە توپ - توپ بو-
لۇپ ئۆسكەن شىۋاقلار بىنەم شامىلدا لىڭشىپ
تۇراتتى... نۇرنىسا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خالىغىن
قايتقان هارۋىلار كېلىۋاتامدىكىن، دەپ پات-پات
قاراپ قوياتتى. ئۇ، خىيالغا چومگەن ئىدى. ئۇ-
نىڭ بىنەمگە چىققىنىغا بىر ھەپتىدىن ئاشقان
ئىدى. ئۇ يەردە ئۇ، ئىككى كۈن باغ يوتكەشنى
كۆتتى. ئۈچىنچى كۈنى سەھەردىن باشلاپ قىزى
ئىلمىنۇر بىلەن باشاق تېرىشكە كىرىشتى. مۇرى-
سىدىكى كونا مىشكاپتىكى باشاقلارنى يەر-
گە توكۇپ، كالتەك بىلەن ئۇرۇپ سوقتى. چىق-
قان بۇغداي دانچىلىرىنى بىنەم شامىلىدا سو-
رۇپ تازىلىدى. كېيىن، ئۇ، بۇغدايلىرىنى «تار-
تىپ ئالمىسۇن يەنە» دەپ قورقۇپ، قورايلىقنىڭ
ئارىسىغا كومۇپ قويىدى.
نۇرنىسا توپا داۋاندىن چۈشۈۋېتىپ ئۇزى-
نىڭ قاتتىق چارچىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ،
نەچچە كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ كەل-
مەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بىر قولتۇقىدا بىر باغلام
شىۋاق، يەنە بىر قولتۇقىدا بىر خالتا بۇغداي
بار ئىدى. ئىلمىنۇر بىر پارچە كونا كىگىز بى-
لەن چاپاننى كوتۇرۇپ، ئاپىسىنىڭ ئارقىسىدىن
ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. نۇرنىسا قولىدىكى شى-
ۋاقنى يول چېتىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قى-
زىنىڭ قولىدىكى كونا چاپاننى تاشلاپ «ئۇھ!»
دەپ ئولتاردى.
— ۋايجان!- دېدى ئىلمىنۇر ئاپىسىغا قا-
راپ،- بەك ئىسسىپ كەتتىم، پۇتۇم تويىدا كو-
يۇپ قاپىرىپ كەتتى.
نۇرنىسا ئالقىنى بىلەن ئىككى تىزىنى ئۇ-
گىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى زىڭىل-
داپ ئاغرىماقتا ئىدى. ئۇ، ئەندىلا قىرىق ياش-
لارغا كىرگەن بولسىمۇ، رەڭگى تومۇز ئاپتىۋىدا
كويۇپ كومۇردەك قارىداپ كەتكەن، جۇدەڭگۇ
ئىدى.

— بۇ بۇغداينىڭ يېرىمىنى نان يېقىپ
يەيمىز. يېرىمىنى هارۋىكەش كىرا ھەققى ئۇچۇن
ئالىدۇ. ۋاي، بوپتىلا ئۇنىڭغا نىمە قوسۇغۇم ئاغ-
رىيتتى. ئوتكەندە چاشقان ئۇگىسىنى كولاپ بۇغ-
داي ئالغانلارمۇ كىرا ھەققى بەردىغۇ!

ئىلمنۇر ھەيران بولۇپ ئاپىسىغا قارىدى.

— بۇغداينىڭ يېرىمىنى ھارۋىكەش ئالامدۇ؟- دېدى ئۇ، ئانىسىغا يولىنىپ ئولتۇرۇپ،- بىز ئۇنى تۇت كۈندە تەردۇقۇ.

— ھەئە،- دېدى نۇرنىسا كوينىكىنىڭ ئېتىكىنى قېقىپ تۇرۇپ،- ھەر قېتىم باش تېرىپ قايتقىنىمىزدا، ھارۋىكەشكە بۇغداي بېرىۋاتىمىز، كورمەيۋاتامسەن؟ ۋاي-يەي، بۇ لاقا - لۇقىنى كوتۇرۇپ شەھەرگە يېتىپ بارغىچەجانىمۇ بىر يەرگە بارىدۇ. بۇغداي ئالسا ئالامدۇ، ھارۋىغا چىقىپ، ئۇھ، دەپ ئولتۇرساق ساڭىمۇ ئارام.

داۋاننىڭ توپىسىدە كومۇر باسقان بىرھارۋا پەيدا بولدى. ھارۋىكەش ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ «ۋاھ - ۋاھ!» دېگىنىچە، ئارقىسىدا قويۇق چاڭ قالدۇرۇپ، توۋەنگە چۈشمەكتە ئىدى. ھارۋىكەش يول بويىدا ئولتۇرغانلارغا يېقىنلاشقاندا، بېشىنى كوتۇرۇپ قارىدى. نۇرنىسا تۇگۇچىنى كوتۇرۇپ، ھارۋا يولىغا چىقىپ ھارۋىنى توختاتتى. ئۇ ھارۋىكەشكە بىر پۇت بۇغداي بەرمەك بولۇپ سوزلەشتى. نۇرنىسا ھارۋا ئۇستىگە چىقىپ، ھارۋا ئۇستىدىكى بېدىنى ئاستىغا تارتىپ ئولتاردى، ئىلمنۇر ئۇنىڭ يېنىغا جايلاشتى. ھارۋىكەش گەۋدىلىك كەلگەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ قاپقارا قوشۇما قاشلىرى كوزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ھارۋىكەش ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ:

— ئەقىللىق جانىۋاردە بۇ،- دېدى ئېتىنى ماختاپ،- ئىسرىت، چوا! ھەي، ماۋۇ يېنىدىكى توروق ئات گالمۇسىراقتە. دوڭدىن قامچا سالماق تارتمايدۇ. توۋەنگە ماڭغاندا زوڭگەن سېرىپ، توختىماي قاترايدۇ. خەپ! بىر پاي تاقىسى چۈشۈپ قاپتۇ، دەڭە.

ھارۋا داۋاندىن چۈشۈپ تۈز يولغا يېتىپ كەلگەندە، ئاتلار ئىككى قۇلىغىنى دىڭ تۇتۇپ، ھارۋىنى يېنىك سورەپ، سوكۇلداپ مېڭىشقا باشلىدى. ھارۋىكەش يانچۇغىدىن تاماكا خالتىسىنى ئېلىپ، گېزىت قەغىزىگە قوپال قىلىپ تاماكا ئوراپ، شامالغا گەۋدىسىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى تۇتاشتۇردى.

— چو، ھوي!- دېدى ئۇ، بوجىنى يەنە قاتتىق سىلكىپ.

— ئوتكەندە يولدا ھېرىپ قالغان بوۋاي بىلەن مېنى ھارۋىغا سېلىۋالغان سىزغۇ- دەيمەن؟

— ھە، بەلكىم. يولدا ئادەم كوپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئېغىرىنى ئات تارتىدۇ، بىزگە نىمەيتى دەيسىز. بۇ سىزنىڭ قىزىڭىز ئوخشىمامدۇ؟ «سەككىزگە كىردى» دېدىڭىزما، ھەي، بويى ئوسەي قاپتۇمۇ- نىمە؟

— ھەئە،- دېدى نۇرنىسا كوزىگە ياش ئېلىپ،- دادىسىنى، قۇرۇق سوز - قۇرۇق توھمەتنى چاپلاپ، خىزمەتتىن قوغلىۋېتىشتى. ئۇ، پارتىيە كەلگەندىن بېرى جان كويدۇرۇپ ئىشلىگەن ئىدى، ھەممىسى بىكار بولدى. توۋا! دۇنيادا شۇنداقمۇ ئىنقىلاپ بولىدىكەن -ھە، ئوز ئادىمىنى ئوزى نابۇت قىلىدىغان... سازايى قىلىپ، ئۇرۇپ، كورسەتمىگەن كۈنى قالمىدى. ھازىر دادىسى ئاغرىقچان بولۇپ ياتىدۇ. يازدىن بېرى قىزىم بىلەن ئىككىمىز بىنەمدە باش تېرىپ، قوساقنى بىر نىمە قىلىپ كېتىۋاتىمىز. ئىش قاملاشسىغۇ ياخشى، بولمىسا، بىنەمنى چارلاپ يۈرگەنلەر تەرگەن باشاقلىرىمىزنى تارتىپ ئېلىپ، خالتىنى قۇرۇق بېرىدۇ.

— قىزىمنىڭ دادىسى ئاغرىق، دېدىڭىزما؟- سورىدى ھارۋىكەش،- ئەھۋالىڭلارغا قارىغاندا، تازا قىيىنىلىۋاتقان ئوخشايسىلەر -ھە؟...

ھارۋىكەش نېمىنىدۇ ئويلاپ خىيالغا پاتتى.

— ھە، ھەقىقەتەن غەلىتە ئىشلار بولىۋاتىدۇ،- دېدى ئۇ يەنە،- ئاۋۇ دوڭ تەرەپتىكى يالغۇز ئويىنى كوردىڭىزمۇ؟ شۇ ئويدە بىر يىگىت

بار. ئۇنى «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ ئۇرۇپ، ئولتۇرۇپ قويۇشقىلى تاس قالغان. قاراڭ! بۇ چېچىلىپ ياتقىنى قاغا - قوزغۇن يەپ كېتىدىغان باشاقۇ، ئەندى ئۇنى تەرگۈزمەي نېمە قىلىدۇ. قۇرۇق تاغا ئورە تۇرامدۇ. ئەشۇ بىچارىمۇ ئوتكەندە ئازراق باش تەرگەن ئىكەن. ھېلىقى بۇلاڭچىلار ئۇنى قوغلاپ، بېشىدىن ھالقىتىپ ئوق ئېتىپ، ھېچ ھالىنى قويماپتۇ. ساپ - ساق يىگىت ھازىر ئېلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. مەن ھەر قېتىم بۇ يەردىن ئوتكەندە، ئىچىم ئاغرىپ، نان-توقاچ بېرىپ قويىمەن... كوڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ سىڭلىم، يالغۇز سىزنىڭ يولدىشىڭىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشمىدى. بۇ كۇنلەرمۇ ئوتۇپ كېتمدۇ...

قوياش تاغ كەينىگە ئولتۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ھارۋىكەش قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ئارقىسىغا قارىدى. ئارقا تەرەپتىكى دوڭلۇك-لەر بارغانسېرى ئارقىدا قالماقتا ئىدى. توپا داۋانغا قاراپ كەتكەن يول يۇقۇرىغا يامىشىپ چىقىپ كېتىپ بارغان ئىلاندەك كورىنەتتى. ھارۋىكەش ئوزىنىڭ يېنىدىن گۇلدۇرلەپ ئوتۇپ، نىرىراقتا بېرىپ توختىغان ھارۋىغا قارىدى.

— يول بولسۇن، كەچ قاپسەنغۇ؟ ئاغامچا سورۇلۇپ قاپتۇ، چۇشۇپ قالمىسۇن يەنە.

— قونارغا كېتىپ بارىمەن،- دېدى يەنە بىر ھارۋىكەش،- كومۇرنى بېسىپ قويۇپ، جىڭدىكى ئوتتا بىر چاي قايناتىپ ئىچكىچە تاڭ ئاتىدۇ. قوسۇغۇمنى تويغۇزۇۋېلىپ، ئاتنى شەھەر تەرەپكە قارىتىپ قويۇپ بېرىپ، كوپپىدە چۇشۇپ ئۇخلىسام، مەنزىلگە بىردەمدىلا يېتىپ بارىمەن. ئاتلىرىمنىڭ ئەقىللىقلىغىنى بىلەمسەنغۇ؟ كاتاڭ دىكەندىن ياندap ئوتۇپ كېتىۋېرىدۇ. ئوچرەتتە ئادەم جىقمۇ؟

— خېلى بار، ماقۇل ئەمسە كەتتۇق، چۇ!- ھارۋىكەش ئاتلار ئۇستىگە قامچا سېلىپ يۇرۇپ كەتتى.

بۇلۇتلار ئۇستىدە كەچكى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى يورۇپ تۇراتتى. ھارۋا شەھەر چېتىگە كېلىپ قالغان ئىدى. ھارۋىكەش يەنە بىر ئاز مېڭىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى. ھارۋىكەش يەرگە سەكرەپ چۇشتى.

— ئومۇي! كوز باغلىنىپ قاپتۇ،- ئويىڭىزگە ئاپىرىپ قويايمۇ؟ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئىسمىڭىز نېمە ئىدى؟

— نۇرنىسا.

نۇرنىسا ھارۋىدىن چۇشۇپ، خالتىدىكى بۇغدايىنى يەرگە قويدى. ھارۋىكەش بۇغدايغا قارىدى. خالتا يېنىدا ئىلمىنور تۇراتتى. نۇرنىسا ھارۋىكەشكە قاراپ:

— قېنى، خالتىڭىزنى ئېچىڭ. سىزگە بەرمەكچى بولغان بۇغدايىنى بېرىۋېتەي،- دېدى.

— بولدى، ئالمايمەن!- دېدى ھارۋىكەش نۇرنىسانىڭ جۇدەڭگۇ چىرايىغا قاراپ،- ماڭا بېرىدىغان بۇغدىيىڭىزنى ياخشى تازلاپ، ئۇن قىلىپ، ئاغرىق ياتقان يولدىشىڭىزغا يۇمشاق- يۇمشاق توقاچ يېقىپ بېرىڭ.

نۇرنىسا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ تەمشەلگەن ئىدى، ئاغزىچە ھارۋىكەش لىككىدە سەكرەپ ھارۋىسىغا چىقتى-دە، ھارۋىسىنى گولدۇرلىتىپ ھايداپ، چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ كەتتى.

ھارۋىكەش ئىدارىسىغا يېتىپ بېرىپ، كومۇرنى چۇشۇرىدىغان چاغدا، ھارۋىدىكى بېدىنىڭ يېنىغا چۇشۇپ قالغان ئىككى سوم پۇلنى كورۇپ قالدى-دە، ئويلۇنۇپ قالدى.

— ھەتتەك! ھېلىقى بىچارىلەر بۇ پۇلنى چۇشۇرۇپ قويۇپتۇ-دە، ھەي ئىست!...

☆ ☆ ☆

كۇز ئايلىرى يېتىپ كەلدى. نۇرنىسا دەر-

ۋازا يېنىدىكى سوپىدا ئاي نۇرىغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. ئىلمىنۇر ئۇنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. بۇ هارپا ئاخشىمى ئىدى. نۇرنىسا ئىلمىنۇرنىڭ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتتى. ئىلمىنۇرنىڭ بىنەمدە تىكەن ئىلمۇېلىپ تىتىلىپ كەتكەن كوينىكىگە قاراپ خورسىنىپ قويدى، ئۇنىڭ قىزىغا ھېيتلىق يېڭى بىر كوينەك ئېلىپ بېرەلمىگەنلىكىگە يۈرىكى ئېچىشاتتى.

مايىمخان موماي نۇرنىسانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار ھەر كۈنى ئاخشىمى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشنى ياخشى كورەتتى.

— نۇرنىسا، سېنى خىيال بېسىپ كېتىپتىغۇ قىزىم؟

— ئويلىسام يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر قېتىممۇ خوشال بولماپتىمەن. نەگە بارساڭ «قالپىغى بار، قارا يىپ ئائىلىسى» دەيدۇ. بۇ ئاھانەتلەر يۈقسۇلچىلىقتىنمۇ قاتتىق ئىكەن.

— خۇداغا شۈكرى، دە قىزىم، ئومەرنىڭ سالامەتلىكى خېلى ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئىلمىنۇرنىڭ پېشانىسى ئوچۇق، يەنە ئوبدان بولۇپ كېتەرسىلەر.

ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن سامان بېسىپ ئوتتۇپ كېتىپ بارغان هارۋا ئېنىق كورۇندى.

— بۇ ھېلىقى ھەسەننىڭغۇ؟ - دېدى موماي، - سامانىنى ئۆلگۈدەك بېسىپتۇ. پۈتۈن بىر خامانىنى باسقانمۇ، نىمە؟

— دىخانلارنى ھە- پە دەپ يۈرۈپ قاپقانغا چۈشەرگەندۇ. بۇ يىل ياز بىنەمدىن كەلمەي، بىلىگىگە قىزىل تاقىۋېلىپ، باشاقچىلارنىڭ بۇغدىيىنى تارتىۋېلىپ ئارام بەرمىدى.

— ئايەمنى ئايەم دىمەي، پۇل تېپىش كويىدا سامان ئېلىپ كەپتۇ. ھەقىچان، هارپا كۈنى خاماندا ئادەم يوقلىغىدىن پايدىلىنىپ، سامان تېگىدە بۇغدايمۇ تىقتى دىگىنە؟ ۋاي تۇۋا! ئۇنداق تاپقان پۇلنىڭ نىمە كېرىگى بار، ئاڭلىسام، ھەسەن تاپقان پۇللىرىنى بالىلىرىنىمۇ يىگۈزمەي يەرگە كومگىدەك. خۇدايىم يىگۈزمەيدۇ، دىگىنە قىزىم.

نۇرنىسا تامغا يولىنىپ ئولتۇرۇپ سۈتچىنىڭ پۇلىنى ئويلىدى.

— سۈتچىنىڭ پۇلى يەنە يىغىلىپ قالدى. ھەسەننىڭ بالىسى دادىسىدىن قاتتىق. ئۇۋاھ! بالىلىرىمنى دىمىسەم ئۇنىڭ سۈتىنى ھەرگىز ئىچمەيتتىم.

مايىمخان موماي ئويلىنىپ قالدى. ئۇ، بۈگۈن ئەتىگەن ھەسەننىڭ بالىسىغا: «نۇرنىساغا سۈت ساتما. ئۇ، تىرىك ئولۈك، پۇلۇڭنى يەپ كېتىدۇ» دىگەن سوزىنى ئاڭلاپ قالغان ئىدى.

— كوڭلۇڭنى بۇزما نۇرنىسا! ھېيت ئايەمنى قايغۇ بىلەن ئوتكۈزمە. ئومەر ساقايسا، خىزمىتىمۇ بىر تەرەپ بولۇپ قالار. ئۇ، يوقۇرىغا «ناھەق زەربىگە ئۇچرۇدۇم» دەپ ئەرىز بېرىپتىكەنغۇ؟ سىلەرگە بەك ئوۋال بولدى...

مايىمخان موماي ئورنىدىن تۇراي دەپ تەمشىلىۋىدى، نۇرنىسا دەرھاللا ئۇنىڭ قولتۇغىدىن يولىدى...

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئىشىك ئالدىغا سۈغا چىققان ئىلمىنۇر خوشال قايتىپ كىردى. نۇرنىسا قىزىغا قاراپ ھەيران بولدى.

— قولۇڭدىكى نىمە، ھەي قىزىم؟!

— پۇل، پۇل.

—كىم بەردى.

— يولدىن ئوتۇپ كېتىپ بارغان بىر ئادەم: توختاڭ قىزىم، سىز ھېلىقى بىنەمدە باش تېرىپ يۈرگەن ئايالنىڭ قىزى ئەمەسمۇ. ماۋۇ پۇلۇڭلار ھېلىقى چاغدا مېنىڭ هارۋامغا چۈشۈپ قاپتىكەن. بۈگۈن تازا ئوبدان ئۇچراپ قالدىڭىز، دەپ بەردى.

— ھە، ھېلىقى چاغدا بىز ئىزلەپ كەتكەن پۇل، بايا ھارۋىغا چۈشۈپ قالغان ئىكەندە، يائاللا! مۇشۇنداق ياخشى ئادەملەر تېخى تۈگەپ كەتمەپتىمغۇ؟!

قىز قولىدىكى چوگۈننى قويۇپ، پۇلنى ئاپىسىغا بەردى.

— ئىككى سوم، خۇداغا شۈكرى. سۈتنىڭ پۇلى چۈشۈمگىمۇ كىرىپ كەتكەن ئىدى، ئەندى ئۇنىڭدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم،- نۇرنىسا شۈكەپ بىلەن قىزىنىڭ بېشىنى سىلىدى،- يېڭىراق كوينىكىمدىن بىرنى بۇزۇپ، ساڭا كېچىچە، چىرايلىق كوينەكتىن بىرنى تىكىپ قويدۇم، داداڭنىڭمۇ ئاغرىغى بىر ئاز ياخشى تۇرۇۋدۇ. ھېيتىمىز يەنە ئەل قاتارى ئۆتەر.

☆ ☆ ☆

ئاردىن ئىككى - ئۈچ يىلچە ئۆتتى. بۇ يىللار ئىچىدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. نۇرنىسانىڭ يولدىشى- ئۆمەرنىڭ خىزمەت مەسىلىسى ھەل بولۇپ، تەشكىل ئۇنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالاتتى. دوختۇرخانىدىن چىققىنى تېخى بىر نەچچە كۈن بولغان ئۆمەر، بۈگۈن دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ئارقىدىكى باققا قاراپ خىيالغا كەتكەن ئىدى. قىش كېتىپ باھار كەلدى، باغلاردا يەنە گۈللەر ئېچىلدى. ئۆلمىگەن ئىنسانغا يەنە يېڭى بىر ھايات قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپتۇ....

— ئۆمەرجان، ھەي ئۆمەرجان!

بۇ ئۆمەرلەرنىڭ ئىدارىسىغا يېڭىدىن كەلگەن شۈجى سايىتنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇ شۈجىمۇ قازا يىللاردا ئۇزۇن يىل چەتكە قېقىلغان ئادەم ئىدى، ئۆمەر مېھماننىڭ ئالدىغا چىققىچە، ئۇنىڭ ئۆزى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ بولدى.

— ھە، ھە، قېنى يۇقۇرغا!

— سىزنى يوقلايمەن دەپ ئۇزۇندىن بېرى ئويلايمەن، ئۇكا. شۇنىڭغا بىر ۋاقىت بولمىدى. بۈگۈن ئۆيىڭىزنى ئىزلەپ - سوراپ ئاران تېپىپ كەلدىم. قانداقراق،ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ.

شۈجى يۇقۇرىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ تۇرىشىغا، ئىشىك ئېچىلىپ نۇرنىسا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا گوش ۋە باشقا بازارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. ئاپىسىغا ئەگىشىپ كىرگەن ئىلمىنۇرنىڭ قولىدىكى سومكىدا ئۇتىياش بار ئىدى. نۇرنىسا ئۇدۇلدا ئولتۇرغان بەستىلىك، قوشۇما قاش مېھمانغا قاراپ ھەيران قالدى.

— ھوي، سىز ھېلىقى خاڭنىڭ يولىدا بىزگە ئۇچرۇشىدىغان ھارۋىكەش ئەمەسمۇ؟- دېدى نۇرنىسا ئۆزىنى باسالماي...

# گۈلچەمەن

## ( داستان )

مۆمىن سەپىرى

### مۇقەددىمە

يىگىتتەك غەيۇرانە ئىشچان قىزنى
ئەمگەكتەكورگەنلەر دەر: دۇلدۇلمىكىن.
قولى گۈل، قەلبى ئاتەش، پالۋان قىزنى
شاتلىقتىن كۈلسە دەرلەر: بۇلبۇلمىكىن.

گۈلزاردا ئېچىلغان توق قىزىل گۈلدەك،
ئېتىمىزغا ھوسۇن بەردى بۇ گۈلچەمەن.

مۇشكۈلگە ئېتىلىدۇ خۇددى شىردەك،
يالتىرار قوللىرىدا پولات كەتمەن.

ئاتىغان ئەل ئىشىغا بارلىغىنى،
زامانغا يۈرىگىدە مېھرى گۈلخان.
يېزىدا ئورنەك ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى،
مەرتلىكى ئەل ئاغزىدا گۈزەل داستان.

بىرىنچى باپ

### ئۈلگە

دىخانلار تاغ-ئېدىرنى زىننەتلىدى،
گوياكى ئاق خەسكە گۈل باسقاندەك.
ياۋاندا گۈلىستانلار بىنا بولدى،
گۈزەلگە ياخشى ئېگىل ياراشقاندەك.

كومبايىن ئۈزۈپ يۈرەر زەر دېڭىزدا،
يۈرتىمىز مول ھوسۇلدىن ياسىدى تاغ.
تاغ سۈيى—بەگۋاش كەلكۈن يۈگەنلەندى،
ئۈلاشتى تويغا بايرام—خوشاللىق چاغ.

دىخانلار شات بەختىدىن بولۇپ مەمنۇن،
تىخىمۇ غەيرەتلىنىپ تۈردى يەڭنى.
ئومۇمىي سوتسىيالىستىك داغدام يولدا،
باشلىدى تەبىئەتكە قارشى جەڭنى.

ناخشىلار جاراڭلايدۇ كەڭ دالادا،
لەپىلدەر قىزىل بايراق پەلەكلەردە.

يېزىنىڭ ئىپتىخارى—دىل سۆيۈنگەن
گۈلچەمەن سەپ ئالدىدا بارار ئەنە.

ئۇن بىر قىز بىر گۇرۇپپا ئۇيۇلتاشتەك،
گۈلچەمەن گۇرۇپپىنىڭ باشلامچىسى.
ھەر جەڭدە غالىپ كەلدى زەربىدارلار،
بولغاچقا ئازات زامان ئىلھامچىسى.

بىردەمدە كۈنلۈك ئىشنى تامام قىلىپ،
قاقاھلاپ كۈلسە شادان قىزلىرىمىز؛
بوۋايلار قوللىرىنى سايىۋەن قىپ،
زوقلىنىپ دەيدۇ: «بىزنىڭ ئىزلىرىمىز...»

ھەر كۈنى ئىشتىن يېنىپ زەربىدارلار،
ئۆگىنەر پەننى بىلىم، سىياسەتنى.
دىللارغا مەرىپەتتىن يېقىپ مەشئەل،
ئاشۇرار كۈندىن-كۈنگە پاراسەتنى.

☆ ☆

ھەپتىلەر ئاي قوغلىشىپ، كەلدى يازمۇ،
مۇدلەر مەي بوپ راسا پىشتى مانا.
دىخانلار پەخىرلىنىپ سوزلىشىدۇ،
بۇ يىل ياز مەمۇرچىلىك كەلدى يانا.

ئورۇلۇپ ئولكە بۇغداي ئاخىرلاشتى،
ۋەلېكىن بىنەمدە ئاش پىشىپ قالغان.
مەلىدە ئەمگەك كۆچى يېتىشمەيتتى،
ئېتىزدا ئىشلار نۇرغۇن -تېشىپ تۇرغان.

ئون بىر قىز ئۈچ ھارۋىدا توشىدى باغ،
خاماندا پىشقەدەملەر غارام باستى.
باشلاندى قىزغىن ئەمگەك، مۇسابىقە،
ۋاقىتمۇ خۇپتەندىن كەچ بولۇپ ئاشتى.

سامادا جىلۋىلىنىپ ئاي قارايدۇ،
دالانى چۈمكەپ سۈتتەك شولا-نۇرغا.
گۈلچىمەن قارسىلدىتىپ قامچىسىنى،
ھارۋىدا تاغنى يوتكەپ بارار گويا.

ئايلىنىپ ئوتەر چاغدا بىر ئېرىقتىن،
توساتتىن ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى ھارۋا.
ئەتراپتا كېتىرىلدى چۇقان-سورەن،
ئادەملەر قۇتقۇزۇشقا كەلدى مانا...

ئاۋايلاپ بىھۇش قىزنى كوتىرىشتى،
كوز ئاچماي ياتار ئايدەك ساھىپجامال.
پايپىتەك بولۇپ ھەممە يۇگرىشتى،
دۇختۇرمۇ كەلدى يېتىپ، قىلماي ھايال.

ياتقۇزۇپ بالنىستىدا داۋالىدى،
گوياكى بىر تۇققاندەك جان كويدۇرۇپ.
ياش دوختۇر تەئەججۇپكە چومۇپ قالدى،
ئەقلىنى قىزنىڭ پۈتى تاڭ قالدۇرۇپ.

„ئەجىبا، ساق ئادەمدەك يۇرەتتى قىز،
بىلمىنمەي بىر پۇتىنىڭ كەملىگىمۇ.
ۋە بەلكى باشقىلاردىن ماگاتتى تېز،
ئەل ئۈچۈن ھەر بىر ئىشقا ئېرىنمەي ئۇ.

ھېچكىمدىن سۈنئى پۇت، دەپ ئاڭلىمىغان،
كورەتتىم دائىم قايناق ئىش-ئەمگەكتە.
نە قىسمەت باركىن ئۇنىڭ كەچمىشىدە؟
بولارمۇ سوراپ كورسەم بۇ پۇرسەتتە.

مەن تېخى مەغرۇرلىنىپ، دۇختۇرمەن، دەپ،
ئۆزەمنى قالتىس چاغلاپ يۇرۇپتىمەن.
ۋەتەنگە يالغۇز مەنلا ئىشلىگەندەك،
ھەممىدە ئۆزەمنىلا كورۇپتىمەن.

ئورگەلسەم گۈلچىمەندىن ئەرزىيدىكەن،
بولاي مەن سادىغىسى جەسۇر قىزنىڭ.
ئەل-يۇرۇتنى ئەجرىم بىلەن خۇش ئېتەيمەن،
ئۆلگىلىك دۇختۇرى بوپ يېزىمىزنىڭ."

دۇختۇرنى قىزدىقتۇردى سۈنئى ئاياق،
سەۋەپنى بىلىشكە ئۇ ئالدىرايتتى.
ئۇنىڭدىن كېتەلمەيتتى پىكرى يىراق،
كوڭلىدە سوئاللارنى ياغدۇراتتى.

ئەنە شۇ سىرنى بىلمەك بولۇپ ھازىر،
ئويلىدى گەپنى نەدىن باشلىشىنى:
„...ياق، توختا، سۇرۇشتۇرۇپ يوقلا ئىشنى،
قوزغىتىپ قويماي كوڭۇل يارىسىنى."

ئىلكىدە خىجىللىقنىڭ دىدى ئاخىر:
—گۈلچىمەن، سىزدىن بىر گەپ سوراي، دەيمەن،
ئارىدا ھەرقانداق ئىش سىر تۇتۇلار،
مالاللىق كەلسە ئەپۇ قىلغاي، دەيمەن.

—رەنجىگەن بارمۇ گەپ-سوز سورىغانغا، —
دىدى قىز، ئىللىققىنە كۈلۈپ قويدى.
تارتىنماي سوراۋېرىڭ ئويلىغاننى، —
دىگەندە، دۇختۇر مۇنداق سوئال قويدى، —

—سەزگەنسىز بەلكى سىزمۇ، گۈلچىمەن قىز،
كورۇپ مەن ھالىڭىزنى بولدۇم ھەيران.
ئېيتىڭا جېنىم دوستۇم بۇ پۇتىڭىز
قاچان ۋە قانداق قىلىپ مېيىپ بولغان؟

خىيالى گۈلچىمەننىڭ قاناتلىنىپ،
بىر يولى لاچىن كەبى ئۇچۇپ كەتتى.

تارىخى—ئىغىر كۈنلەر كوز ئالدىغا،
ئېكرانىدەك بىرمۇ-بىرلەپ كېلىپ يەتتى.

ئىككىنچى باپ

## سەرگۈزەشت

1

ئەزەلدىن سىرداش ئاسمان-پەلەكلەرگە،
نەيزىدەك مۇز چوققىلىق قەدىم مۇزات.
چۈمكىلىپ تۇرار ئەنە تۇتەكلەرگە،
ئەتراپتا ھوكۇرەيدۇ جۇدۇن، ھەيھات!

بۇ يەردىن سەرگەردان بوپ كۆرمىگەنامزات،
قان يىغلاپ ئوتكەن ئوتمۇش شۇم زاماندا.
كومۇلگەن تاغلار قارغا، مۇز قاتمۇ - قات،
زىنداندەك چوڭقۇر مۇز ھاڭ، يارلار ئۇند .

كېلىدۇ ئۇچەيلەن تارقىستاڭ يولدا،
ئەر-خوتۇن، ئارىدا بىر سەبى قىزى.
ئاھ، ئۇلار مادارىدىن كەتكەن تامام،
سۇزۇلۇپ ياتار قاردا باسقان ئىزى.

گۈلچىمەن، بىچارە قىز، يالاڭ ئېگىل،
ئانىنىڭ باغرىغا چىڭ يېپىشاتتى.
سالغاندا نەزەر كوزىن قىز ھالىغا،
ئەلەمدىن ئاتا قەلبى ئېچىشاتتى.

„گۈلچىمەن، جېنىم قىزىم، نەدۇر چارە،
بۇ سوغدا ئۇششۇپ قالساڭ، جىنىم بالام.
بېشىمىز تورىدىغۇ، كەلدۇق نەگە،
پۈتلىرىڭ مۇزلىدىمۇ،جېنىم بالام؟“

قىزچاقنىڭ يىغلاشقىمۇ قۇربى يەتمەس،
جالاقلاپ تىترەر سوغدىن بەدەنلىرى.
ئەلەڭلەپ كېلەر ئۇلار قېلىن قاردا،
بارغانچە ئاستىلايتتى قەدەملىرى.

كورۇندى يېراقتىن بىر خىلۋەت ماكان،
ئۇنىڭغا يېتىش ئەندى دىلدا ئارمان.

چۇشمەكتە گۇگۇم، لېكىن يول بەك يىراق،
ئۇيۇشۇپ كەتتى پۇتلار، ئەھۋال يامان.

شۇ ئەسنا بىر ئاچ قاۋان چىقىپ قالدى،
قاۋاننى كورۇپ ئېشەك ھاڭرىدى سەت.
تىڭىرقاپ قالدى دەقىق ئاتا شۇئان،
دەرت-ئەلەم ئۇستىگە بۇ كەلدى ئاپەت.

ئاچ قاۋان خارتىلدايتتى خىرىس قىلىپ،
زەپەردەس، جەڭگە تەييار تۇردى ئاتا.
ئېتىلدى قاۋان ئاڭا قەھرى بىلەن،
زەرىپ بىلەن پالتىسىنى ئۇردى ئاتا.

ۋەلېكىن جان ئاچچىغى بىلەن شۇدەم،
شۇم قاۋان يانپىچىنى تىلىپ كەتتى.
دەل شۇندا „گۇم!“ قىلغان بىر ئوق ساداسى،
جاراڭلاپ تاغ ئىچىنى يېرىپ كەتتى.

تىك موللاق چۇشتى قاۋان قانغا پېتىپ،
بىر كىچىك خادا تاشنىڭ نېرىسىدە.
بەشئاتار مىلتىق تۇتقان ئوۋچى بوۋاي
كورۇندى قارغايانقىنىڭ بېرىسىدە.

ئانىسى گۈلچىمەننىڭ پەرىشانە،
ئېشەككە مىنگىنىچە قېتىپ قالدى.
زەخمىلىك يانپىچىدىن سورىگەنچە،
ئاتىسى كۈلتۈك قاردا يېتىپ قالدى...

☆ ☆

يورۇتۇپ غوۋا-خىرە ئوي ئىچىنى،
تەكچىدە شەيتانچىراق پىلىلدايتتى .
ئۇششىگەن پۇت ئاغرىغى جانغا پېتىپ،
گۈلچىمەن ئوزىن تاشلاپ قىقىرايتتى.

بىر چاغدا كەلدى ئۈۋچى تېۋىپ باشلاپ،
قار-قىرۇ بولۇپ سوغدا ئۈستىۋېشى.
ئۈمىتلىك باقتى كوزلەر، كەتتى قايغۇ،
شاتلىققا تولدى بىردىن ئۆينىڭ ئىچى.

«خەتەرلىك،-دېدى تېۋىپ كورۇپ قىزنى،-
پۇتىنى تېڭىپ ئاندىن دورا بېرەي.
بىلمەيمەن، قانداق بولار ئاقىۋىتى،
شۇندىمۇ بىر ئامالىنى قىلىپ كورەي.»

ئوڭ پۇتى ئىششىپ كەتتى گۈلچىمەننىڭ،
ئانىنى ئەسىر ئالدى ئاچچىق ئازاپ.
«بىتەلەي-بەختسىز قىز بولدۇڭ قوزام،-
دېيدۇ، ئاھ، ھەسرەت بىلەن قىزغا قاراپ.

بارغانچە يىرىڭلىدى، سىپسىدى پۇت،
يۈرەكلەر بۇ ئەلەمدىن بولدى سەكپارە.
«تۇرۇڭلارمۇشۇ ئۆيدە،-دېدى بوۋاي،-
كەتكىچە يەر-جاھاندىن جۇدۇن،ئاق قار.»

2

ۋەيران بوپ قىش سوغاقتا گۈلچىمەنلەر،
قانداقچە چىقىپ قالدى بۇ سەپەرگە؟
جاپالىق بۇ يوللاردا سەرسان بولۇپ،
باردۇ نىمە ئىزلەپ، قەيەرلەرگە؟

سوھبەتتە بەمبە چالغا بۇ قىسمەتنى،
ئاتىسى گۈلچىمەننىڭ ئەيلەر بايان.
سوز ئارا ئۇلۇغ-كىچىك تىنار شۇدەم،
قەلبىمدىن قاباھەتكە قەھرى ۋۇلقان:

«ئاقسۇدا مەن بىر بايغا مالاي ئىدىم،
ئىشلەيتتىم ئارام ئالماي كېچە-كۈندۈز.
ئەركىمنى باغلىۋالغان ئىدى شۇم باي،
مەن گويا قوشقا قاتقان ئورۇق ئوكۈز.

باللىرىم ئاچ-يالىڭاچ زارلىناتتى،
ئۆيىمىز سامانخانا- ئېغىل ئىدى.
بىزدىن ئىت ياخشى ئىدى، خارلىناتتۇق،
كۈنىمىز ئەنە شۇنداق ئېغىر ئىدى.

ئەشۇنداق ئېغىر كۈندە كېسەل بولۇپ،
ئەسقاتقان يالغۇز ئوغلۇم يېتىپ قالدى.
كېسەلنى كورسىتىشكە نەدە ماغدۇر،
جىگەرىم ئاخىرەتكە كېتىپ قالدى.

بالامنىڭ كېپەنلىكى بولدى بورا،
قان يىغلاپ دەپنە قىلدىم دەرت-ئەلەمدە،
قاياشىم كەمبەغەللەر ماڭا ھەمرا،
يوقسۇلنىڭ كۈنى بىركەن بۇ ئالەمدە...

بىر كۈنى باي چاقىردى نۇرغۇن مېھمان،
(شاڭيۇ، بەگ،قازى-مۇپتى، شەنگەنلەرنى).
زىياپەت بەردى كاتتا، سويۇپ پاخلان،
كوردۇم مەن ئەيشى-ئىشرەت سۇرگەنلەرنى.

كوپ ئوتمەي باي چاقىردى مېنى ئۆيگە،
دېدى ئۇ: «ھېساپ كىتاپ قىلايلى بىز.
ھېساپنى كورۇپ چىقىپ بىز دەرقەمتە،
ھە، ئاندىن يېڭى توختام تۈزەيلى بىز.

ئاتاڭدىن ئۈچيۈز تەڭگە قالغان قەرىز،
ۋە يەنە سەككىز چارەك قوناق ئۈنى.
ئەلۋەتتە قەرىزلەرنى تولەش پەرىز،
بار يەنە ئالتە ماتا- خامنىڭ پۇلى.

بالاڭنىڭ ئولۇمگە قىلدىم چىقىم،
ئولتۇرغان ئويۇمنىڭ بار ئىجارىسى.
ئون بەش يىل ئۇدا ياققان چىراق يېغى
بازاردىن توۋەن تېخى باھا- نەرقى.»

غەزەپتىن بەدەنلىرىم تىترەپ كەتتى،
بىلەلمەي تۇردۇم نىمە دېيىشىمنى.
«سوزلە!»دەپ ئولتۇرغانلار ئۇن قېتىشتى،
داۋام قىلىپ تەتۈر چايناپ يېيىشىنى.

مەن دېدىم:«قول ئورنىدا ئىشلەپ كەلدىم،
ۋەلېكىن بالىلىرىم ئاچ-يالىڭاچ.
كومەچنى نان ئورنىدا چىشلەپ كەلدىم،
ۋاقىتسىز دەرت- ئەلەمدىن ئاقاردى باش.

ئون بەش يىل ئىشلەپ تېخى تۈگىمەمدۇ،
مەن قىلچە بۇ ھېساپتىن ئەمەس رازى.
قەرزىمنى ھەققىم ئىككى يوگىمەمدۇ،
ھەقىقەت بۇ زاماندا يوقمۇ زادى؟!»

«ھەي، گاداي،-دېدى قازى،چالۋاقىدى،-
نا ئىنساپ، بارمۇ سەندە قىلچە ئىمان.
رەھمەت يوق، باقسا تېخى شۇنچە يىللار،
ئوي بەرسە باشقا پانا، قارنىڭغا نان؟

سىلىڭگە بۇنىڭدىن ھېچ راپاۋەت يوق،
بەدبەختنىڭ قارىمادىغان سوزلىرىنى.
دەۋزىخى ئوغرىلارغا ساخاۋەت يوق،
باي، ئوبداق ئاسرىسىلا ئوزلىرىنى.»

ئەزۋەلەپ باي تېخىمۇ شۇ سوز بىلەن،
يۈزۈمگە كاچات سالدى تىللاپ تۇرۇپ.
ئەلەمگە ئەلەم قوشۇپ شەنگەن تېخى،
«باغلا!»-دەپ بۇيرۇق قىلدى چاچراپ تۇرۇپ.

غەزەپكە پايلىماستىن مۇشنى ئاتتىم،
ۋەلېكىن باش ئۈستۈمگە ياغدى كالتەك.
بىر چاغدا كوزۈم ئاچسام، زىنداندا مەن،
(پىقىرار زىنداندىنچى چاقپەلەكتەك).

يا ئولۇم يا كورۇم، دەپ قاچتىم بىر كۈن،
كېچىلەپ، ئاسماندىكى ئايغا قاراپ.
ئۆچەيلەن بىر ئېشەكتە، ئېگىل يالاڭ،
يول ئالدۇق ئىلى دىگەن جايغا قاراپ...

ئېخ! بەمبە، قىلدىڭ ياخشى راپاۋەتنى،
ئۇنتۇلماس ياخشىلىقىڭ ئومۇرۋايەت.
مۇبادا كورمەي كەتسەم سائادەتنى،
قىزىمغا قالدۇرىمەن چىن ۋەسىيەت!»

بەمبە چال ئاڭلاپ ئۇشبۇ ھېكايەتنى،
دېدى:«ئاھ،بوپتۇ ساڭا بەكمۇ ۋابال.
تەلپۈندۇق ئەركىنلىك دەپ، تالاي يىللار،
لەنىتى شۇملار قاچان تاپار زاۋالا.

☆ ☆

ئوتتۇشتى قاتارلىشىپ ھەپتە- ئايلار،
كۈن ئىللىپ ئەتىيازمۇ كېلىپ قالدى.
سول پۇتى قالدى ئامان گۈلچىمەننىڭ،
ئوڭ پۇتى ئوشۇغىدىن چۇشۇپ قالدى...

ئۈچىنچى باپ

## تاڭ ئاتتى

1

تاڭ ئاتتى، ئازاتلىقنىڭ پارلاق تېگى
قوغلىدى جاھالەتنى جەھەننەمگە.
ھور ۋەتەن گۈلزارىدا شات بۇلبۇللار،
سايرىدى بەس-بەس بىلەن تەنتەنىگە.

قۇتۇلدى يوقسۇل تامام زىلالەتتىن،
چېقىلدى مۇدھىش زۇلۇم كىشەنلىرى.
بىر- بىرلەپ ھېساپ ئالدى قاباھەتتىن،
گۈل ئاچتى كوڭۇللەرنىڭ گۈلشەنلىرى.

☆ ☆

دىخانلار ئومىلنىشكە قاراپ ماڭدى،
تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى يېزا- قىشلاق.
كۈنسېرى پاراۋانلىق تاپتى ئەل-يۇرت،
ئىلىگە سائادەتنىڭ چومدى ھەرياق.

گۈلچىمەن ئون ئالتىگە كىردى شۇ يىل،
نۇمۇستىن مىڭ ئولۇپ، مىڭ تىرىلىدۇ.
قىز قەلبى گۈل-غۇنچىدەك نازۇك ئەجەپ،
ئېچىنىش ئىلىكىدە جان سېرىلىدۇ.

چىقمايدۇ بىرەر قېتىم تالا- تۈزگە،
يىپسىز چىڭ باغلاپ ئىلغاج نۇمۇس-ئۇيات.

«بەختىمگە بەخت قوشلاپ قونماسمىدى،
قۇتۇلسام مېيىپلىقتىن،-دەيدۇ پات-پات.-

قىزلاردەك ئوينار ئىدىم مەنمۇ ئەركىن،
ۋاي،ئىسىت،پۇتۇم تۇگەل-ساق بولغاندا.
مەكتەپكە ماڭار ئىدىم باشقىلاردەك،
چومۇلۇپ تاڭ سەھەردەساپ ھاۋاغا.

☆ ☆

شۇجىسى كوپراتىپنىڭ كەلدى يوقلاپ،
سوراشتى بوۋاي بىلەن ھالۇ-ئەھۋال.
شەپقىتى پارتىيىنىڭ خۇددى نۇردەك،
قەلبىنى گۈلچىمەننىڭ قىلدى زىلال.

شاڭخەيگە بېرىپ كەلسۇن،دېدى شۇجى،
بېشىنى مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ.
ئەرشىدە سەزدى گويا قىز ئۆزىنى،
قەلبىدە شاتلىق سېلى دولقۇنلۇنۇپ.

سەپەرگە چىقتى ئۇلار ئۇزاق ئوتمەي،
ئاتىسى گۈلچىمەننىڭ ئاڭا ھەمرا.
ئايلاندى رىياللىققا شىرىن ئارزۇ،
پارتىيە بولغاچ ئۇزەڭ باشقا-پانا.

ئۇزىتىپ قالدى قىزنى، ئاق يول تىلەپ،
ئىلكىدە ھاياجاننىڭ قېرى ھەم ياش.
بوۋايلار قىلدى سوغا ئالما، ئۆزۈم،
مومايلار تۇتتى ئاڭا مايلىق توقاچ.

2

ئارىدا ئىككى ئايچە ۋاقىت ئوتۇپ،
شاڭخەيدىن قايتتى مانا گۈلچىمەنلەر.
دىللاردا ئالەمشۇمۇل بەخت- شاتلىق،
جاراڭلار ۋاگونلاردا شوخ كۈلكىلەر.

پۇقۇرتۇپ كۆمۈچ تۇتۇن، پولات دۇلدۇل
بەئەينى ئوقتەك ئۇچۇپ تېز كېلىدۇ.
شاتلىقتىن دىلى يايراپ ئاتا- بالا،
ئەينەكتىن ئەتراپلارغا كوز تىكىدۇ.

«ئېيخ،ۋەتەن، نىمانچەسەن گۈزەل-كوركەم، !
ئۆزەمنى كوردۇم گويا جەننەتتە مەن.
بولمىسا، غەم چولىنى كېزەر ئىدىم،
قالاتتىم خارۇ-زار بولۇپ خىلۋەتتە مەن.

ئەندى مەن گۈلدەك كۈلدۇم، ۋەتەن ئانا،
تۈگىمەس خوشاللىغىم، يۈرەك سوزۇم.
بولغاچقا كومپارتىيە ئەلگە پانا،
بەختىيارگۈلىستاننى كوردى كوزۇم.»

زوقلىنىپ گۈلچىمەننىڭ گۈل ھوسنىدىن،
خالايىق ئاڭا تويماي قارىشاتتى.
نىراقتا ئولتۇرغان بىر موڭغۇل بوۋاي
كوڭلىدە ئىككى پىكىر تالىشاتتى:

«بۇ قىزچاق گۈلچىمەنگە زەپ ئوخشايدۇ،-
دېيتتى ئۇ،- ياكى خاتا تونۇدۇممۇ؟
يېنىمدا بىر مويسىپىت ئولتۇرىدۇ،
جان دوستۇم سادىق مۇشۇ ئەمەسمىدۇ؟!»

ئىشىنىپ. گاھ ئىشەنمەي كوزلىرىگە،
ئورنىدىن موڭغۇل بوۋاي قوزغالدى دەس.
بۇرۇلۇپ سادىق بوۋاي ئاڭا باقتى،
قەلبىنى ھېس-ھاياجان قۇچتى پەۋەس.

«ھوي،مېنىڭ ئەزىز دوستۇم بەمبەمۇ سەن؟»-
دېدى-دە، ئىرغىپ تۇرۇپ قۇچاق ئاچتى.
ئىلكىدە ھاياجاننىڭ، قەدىردانلار—
قىنىشماي يىنىپ-يىنىپ قۇچاقلاشتى.

بەمبە چال بېرىپ كەپتۇ پايتەختكە،
كوركىلى ماۋجۇشىنىڭ دىدارىنى.
دەيدۇ ئۇ: «بارلىقىمنى ئاتاپ قويدۇم،
گۈللەشكە ئانا ۋەتەن گۈلزارىنى.»

يول بويى قەدىناسلار قۇردى سوھبەت،
سوھبەتكە گۈلچىمەنمۇ بولدى ھەمدا.
غۇنچىدەك لەۋلىرىدە خوش تەبەسسۇم،
قەلبىدە ئىپتىخارى مىسلى دەريا.

دەل شۇ چاغ راۋابىنىڭ جۈپ تارىغا
زوق بىلەن كىمدۇ بىرسى ئۇردى زەخمەك.
ئۇسۇلغا چۈشتى قىزچاق يايراپ- كۈلۈپ،
ئۇ، گويا گۈلشەندىكى شوخ كېپىنەك:

«پارتىيەم زەھمەت ساڭا چىن دىلىمدىن،
بەختىم گۈل،سەن سائادەت-قۇت بەرگەچكە.
شۇم ئوتمۇش ئايرىغانتى بىر پۈتۈمدىن،
بىمالال ماڭدىم ئۆزەڭ پۇت بەرگەچكە.»

3

گۈلچىمەن كەپتۇ، دىگەن بۇ خۇشخەۋەر،
بىر دەمدە مەھەللىگە تاراپ كەتتى.
چۈشكەندە ماشىنىدىن گۈلچىمەن قىز،
يۈرەكلەر خوشاللىقتىن ئويناپ كەتتى.

چېھرىدىن نۇر توكۈلۈپ خۇددى ئايدەك،
باساتتى مەزمۇت قەدەم بويى غۇنچە.
هوسنىگە بار گۈزەللىك پۈتۈلگەندەك،
لىۋىدىن خىجىل باغدا گۈل، چىمەنستە.

خوشاللىق يېشى ئەگىپ كوزلىرىدە،
باغرىغا گۈلچىمەننى باستى ئانا.

مومايلار سويدى سىلاپ ماڭلىيىدىن،
يۈرەكلەر چومدى چەكسىز هاياجانغا.

دولقۇنلۇق يۈرىكىنى باسالماستىن،
ئانىسى يېنىپ- يېنىپ گەپ سورايتتى.
دوستلىرى شوخلۇق قىلىپ،چاقچاقلىشىپ،
قىزغىنىپ بىر-بىرىدىن يول تورايتتى.

گۈلچىمەن چەكسىز بەخت قۇچىغىدا،
زوق بىلەن ئەتراپىغا كوز تاشلىدى.
«ئورگىلەي كومپارتىيەم زامانىڭدىن»-
دەپ بىردىن هاياجاندا سوز باشلىدى:

«تەلەيسىز بىر قىز ئىدىم، بەختىم قارا،
غەم-غۇسسە دەرياسىدا چوكۈپ ئاققان
چىرايىم خۇددى سامان، باغرىم يارا،
كوزۇمدىن ئوكسىمەستىن قان-ياش ئاققان.

ئاقاردى قارا بەختىم هور زاماندا،
قېتىلدىم سەپكە تولۇق ئادەم بولۇپ.
ئاقلايمەن ئۈمۈدىڭنى جان-دىل بىلەن
پارتىيەم، ئاۋازىڭغا ئاۋاز قوشۇپ.»

توتىنچى باپ

## شاتلىق

1

گۈلچىمەن، ئىشتا پىشقان ئاگرانوم قىز،
تەجرىبە مەيدانىغا مەسئۇل ئەندى.
قەلبىگە پۈكۈپ مەھكەم ئەل بەختىنى،
ئىشقىدا مول هوسۇلنىڭ تۈردى يەڭنى.

يېڭىشتا مۇشەققەتنى ئۇ هەممىشە،
پىشقەدەم دىخانلارنى تۇتتى ئۇستاز.
ئىلكىدە ئىلمىي ئۇسۇل—بولغاچ ئاساس،
يۈرۈشۈپ كەتتى هامان ئىشلىرى ساز.

يىلسېرى سورتلۇق، بۇغداي-قوناق، ...لاردىن
مول هوسۇل ئالدى كوپلەپ،چىقاردى داڭ.

تەجرىبە ئۆگىنىشكە هەر ياقلاردىن
كېلىشتى تۈركۈم-تۈركۈم نۇرغۇن مېھمان.

كوپ ئوتمەي گۈلچىمەننى ئەھلى يېزا
ئۈزاتتى قەھرىمانلار مەجلىسىگە.
گۈلچىمەن ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى،
گۈل تاقاپ شان-شەرەپتىن مەيدىسىگە.

2

ياش يۈرەك مىسلى گۈلخان يالقۇنلىغان،
قەلبىدىن قەلبىگە نۇر-تەپتى ئاقار.
چىن سۆيگۈ گويا بۇلاق جۇشقۇنلىغان،
بەھرىدىن ۋاپا نامىلىق ئۈنچە چاچار.

يۇرەكلەر يالقۇنلايدۇ ئىشق ئوتىدا،
كوكۇللۇك قىز-يىگىتلەر سەيلانىسى.
مىسالى كېپىنەكتەك، گۈل-لەر ئارا
يىگىتلەر گۈلچىمەننىڭ پەرۋانىسى.

ئومەرجان خۇش پىئىللىق، ئىشچان يىگىت،
قىزلارنى مەپتۇن قىلار سۇمباتى بار.
يېزىدا يىگىتلەرنىڭ باشلامچىسى،
كوڭلىدە گۈزەل ئارزۇ-گۈلزارى بار.

رىشتىنى گۈلچىمەنگە چىگىپ قويدى،
سۆيەتتى ئۇنى دىلدىن گۈلچىمەنمۇ.
ھە، شۇنداق خىل-خىلغا كەلسە ياشلار،
قەلبىدىن خۇشاللانماس ئاتا كىممۇ؟

توي بولدى زەپ چىرايلىق كۈز پەسلىدە،
ئەل دىدى: «بۇلبۇل قوندى قىزىل گۈلگە.»
توي ئىچى گويا چوغدەك زىننەتلەندى،
ئەۋجىگە چىقتى راسا ئويۇن-بەزمە...

بەشىنچى باپ

## قويۇن ئىچىدە

توزۇتۇپ توپا-چاڭنى چىقتى بوران،
قاپلىدى يەر-زىمىننى قارا تۇتەك.
گۈلدۈرلەپ گۈلدۈرمامما، چاقتى چاقماق،
تاراسلاپ ياغدى مولدۇر، سۇلدى چېچەك.

بۇ ئەپلىك پۇرسەت بولدى جىن-شەيتانغا،
ئالەمنى قىلدى ماللان تەتۈر قويۇن.
گۈلچىمەن بېرىپ بەرداش جۇدۇنلارغا،
قارغايدەك تۇردى مەزمۇت، ئەگمەي بويۇن.

سانالدى ئەھلى ئىلىم—جىنايەتچى،
قىلمىشى سۆيقەستچىنىڭ بولدى تۆھپە.
شىمايلاپ يەڭلىرىنى كالتەكچىلەر،
ئۆزىنى بىر تونۇتماق بولدى كوپكە.

توخودىن تۇك ئۇندۇرۇپ تۆھمەتچىلەر،
قىلىشتى گۈلچىمەننى قىيىن-قىستاق.
«ھەي، بۇرژۇئا نوپۇزلۇغى، ياخشىلىقچە —
تاپشۇر، دەپ، قىلمىشىڭنى» قىلدى سوراق.

گۈلچىمەن—جاسارەتلىك، مەردانە قىز،
يېمىدى قىلچە ۋايىم سوراقلاردىن.
ئۇ دىدى: «زەر-ئالتۇننىڭ جىلك-جالىغى،
بىلىنەر ئوت ئىچىدە سىناقلاردىن.»

تىكىلدى سوراقچىنىڭ كوزلىرىگە،
گۈلچىمەن، چەكسىز غەزەپ، نەپرەت بىلەن:
«كورسىتىپ ئاقنى قارا، تۆھمەت بىلەن،
قاپ يۇدۇپ تېخى كىمگە ئۇسمەكچىسەن؟!»

شۇ بولدى گۈلچىمەننىڭ ئېيتقان سوزى،
تارسىلداپ تەگدى قامچا باش-كوزىگە.
لوكچەكلەر ئالدى باغلاپ ئاگرانومنى،
قايرىشىپ قولىرىنى يەلكىسىگە...

☆ ☆

لەنىتى گىزەندىلەر بولدى گۇمران،
نۇر ياغدى ئانا يەرگە يېڭىۋاشتىن.
ئارزۇلار قۇچتى ۋىسال، گۈل ئېچىلدى
جۇدۇنلار بەرپا قىلغان تاغۇ-دەشتتىن.

بىغىدا ئىلىم-پەننىڭ بۇ گۈلچىمەن،
قايتىدىن بۇلبۇل كەبى قانات قاقتى.
چوغۇلۇپ قۇتلۇق باھار ئاپتىۋىغا،
شاتلىقى ئەزىم دەريا بولۇپ ئاقتى...

## خاتىمە

گۈلچىمەن- ئەل سۆيۈنگەن ئاگرانوم قىز،
شەنىگە شائىر بۇگۈن يازدى داستان.

ئۇ، بۇگۈن ئۇزۇن سەپەر بەيگىسىدە،
بارىدۇ مەنزىلىسىرى ھالقىپ داۋان.

غەلىبىدىن كۈلگەن مەرتنىڭ كۈلكىسىدە،
لەكمىڭ ھور ئەلنىڭ شاتلىق ئاۋازى بار.
ئېخ، ئۇنىڭ ھەر بىر باسقان قەدىمىدە،
شۇڭقارنىڭ پەلەكتىكى پەرۋازى بار...

1974—1977- يىللاردا يېزىلدى، 1981- يىلى تۈزىتىلدى.

# يوتكىلىش يولىدا

(ھىكايە)

ئىمىنجان ياقۇپ

بىللە ئوقىغان ساۋاقدىشىم ئەخمەت بىلەن ئۇچىرىشىپ قالىدىغانلىقىمىزنى زادى ئويلاپ باقمىغان ئىدىم. ئىككىمىز ئۇزۇن يىللار كورۈشمىگەن قېرىنداشلاردەك قىزغىن كورۇشتۇق. ئۇنىڭ چىكە چاچلىرىنى ئاق ئارىلاپ، پىشانىسىدا چوڭقۇر قورۇقلار پەيدا بولۇپتۇ. ئۇنىڭ شۇتاپتىكى چىرايىدا يەنە قانداقتۇ بىر خىل خاپىلىقنىڭ ئالامەتلىرىمۇ كورىنىپ تۇراتتى. مەن ئەخمەتنى ئويگە تەكلىپ قىلدىم، بىز مۇڭدىشا - مۇڭدىشا ئويگىمۇ يىتىپ كەلدۇق.

— دىمەك، يوتكىلىپ كىلىۋالاي دەپسەن-دە؟- دەپ سورۇدۇم ئەخمەتنىڭ چىنىسىگە چاي قۇيىۋىتىپ.

— شۇنداق قىلاي دىۋىدىم، بىراق، ھەل بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ،- دىدى ئەخمەت، مەيۇس قىياپەتتە.

— نىمىشكە؟ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئەھۋالىڭنى ئىگەللەپ، يوتكىلىش رەسمىيىتىڭنى ئوتەپ بەرگەن تۇرسا، مۇمكىن بولمايدىغان يەنە نىمىسى بارئىكەن؟

— ئەگەر ئوقىغان كەسپىمنى دىمىسەم،- دەپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ،- مەنمۇ بۇيەرگە ھەرگىز يوتكىلىپ كەلمەيتتىم. ئۇيەرگە ماكانلىشىپ، بالا-چاقىلىق بولۇپ كەتتىم. لېكىن، ئىشلەۋاتقان خىزمىتىم ئوقىغان كەسپىمگە توغرا كەلمەيدۇ. بىرنىمىلەر قىلىپ كۈنئوتكۇزۇپ كېتىۋېرەي دىسەم، ھازىر ھەممە كىشى ئوز كەسپىنى ئىشلەپ، دولەتكە كوپرەك توھپە قوشۇشنى ئويلاۋاتقاندا، مېنىڭمۇ كوڭلۇم ئۇنىمايدۇ. بىراق، بۇ نىيىتىمگە يەتمىكىم ئاسانغا چۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ...

— نىمە ئىش بولدى؟- دەپ سورىدىم تېخىمۇ ئەجەپلىنىپ. ئۇ، پىيالىدىكى چايىنى بىر - ئىككى يۇتۇم ئوتلىغاندىن كېيىن، سوزىنى داۋام قىلدى:

—مەن تۇنۇگۇن رەسمىيەتلىرىمنى كوتۇرۇپ تەشكىلات بولىمىگە كىردىم. بولۇمگە كىردىشتىن بۇرۇن يوتەل بەلگىسى بىلەن ئىشىكنى خېلىغىچە ئاستا چېكىپ، رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، ئاستا مېڭىپ ھاشىمكامنىڭ ئالدىغا كەلدىم، ئۇ، خەت يېزىۋېتىپتىكەن.

— ياخشىمۇ سىز، ھاشىم ئىناكا!- دەپ، ئۇنىڭغا قول ئۇزۇتۇشقا تەمشەلدىم. لېكىن ئۇ ئادەم ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. مەن ياندىكى ئۇزۇن دىۋاندا ئولتۇرۇپ ئون مىنۇتقىچە كۈتتۈم. ئاخىرى بۇ باشلىق بېشىنى كوتەردى.

— ھە، نىمە ئىش؟- دەپ سورىدي ئۇ.

— ھاشىم ئاكا، ئوزىڭىزنىڭ ئوتكەن ئايدا دىگىنىڭىز بويىچە رەسمىيەتنىڭ چالا ئورنىنى تولۇقلاپ ئەكەلگەن ئىدىم،-دىدىم-دە، رەسمىيەت بىجىرگەن قەغەزلەرنى ئۇزاتتىم. ھاشىمكام بۇ قەغەزلەرنى ئالدىراش بىر قېتىم كورۇپ چىققاندىن كېيىن، «ئۇكا، سەن تولا ئالدىراپ كەتمە، ساڭا لايىق ئورۇن يوق، يەنە ئازراق كۈتىشىڭ كېرەك» دىدى. مەن ھەيران

بولدۇم-دە، «ھاشىم ئاكا، «ئا» زاۋۇتتا مۇشۇ كە-
سىپنى ئىشلەيدىغان ئادەم يېتىشمەيۋاتامدۇ، دې-
گەن ئىدىڭىزغۇ؟» دېدىم. ئۇ دەرھاللا: «بىز
خىزمەتكە ئوبدان ئويلىشىپ ئورۇنلاشتۇرۇش
كېرەكتە، ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق» دېدى-دە،
يەنە ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا ئالدىرىدى.
شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، چىرايىدىن كۈلكە
يېغىپ تۇرغان ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى.
ئالدىدا كىرگەن كىشى قاقاھلاپ كۈلگىنىچە سۆز-
لەپلا كەتتى:

— ھا! ھا! قەدىناس دوستۇم ھابۇجاك،
قانداق ئەھۋالىڭ؟ (ئۇلار قىزغىن قول ئېلى-
شىپ كۆرۈشتى.) ھەجەرخانىم تېتىلىقمۇ؟ ئەقىل-
لىق ئوغلۇڭ سەمەتچۇ؟ ھېلىقى ئوماق قىزىڭ
دىلبەر ياخشى تۇرىۋاتامدۇ؟ پاھ! بۇ ئىشخانى-
نى قالتىس ياساۋېتىپسەن، ئۆزەڭمۇ دوستۇم
ھابۇجاك، قالتىس سولەتلىك كىشى. بۇ بولۇم
ساڭا زەپمۇ يارىشىپتۇ. بىزنىڭ شەھەر باشلىق-
لىرىمىز كادىر ئىشلىتىشنى بەكمۇ بىلىدۇ — دە.

بۇ ماختاشتىن چىرايى ئېچىلىپ كەتكەن
«ھابۇجاك» دەرھال ئورۇن كۆرسەتتى:

— ئۇنچىۋالا ئەمەس، ئۇنچىۋالا ئەمەس. ماخ-
تىغىنىڭغا رەھمەت، دوستۇم قاچاڭجاك، — دېدى-دە،
ئۇنى سافاغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— دوستۇم ھابۇجاك! مەنلا سېنى ماختىماي-
ۋاتىمەن، سېنى شەھەردىكى چوڭ - كىچىكنىڭ
ھەممىسى ماختايدۇ، سېنى شەھەر باشلىقى، ئوب-
لاست باشلىقى بولسىمۇ، بۇ خىزمەتلەرنى كۆلىنى-
گۈلىگە كەلتۈرەلەيدۇ دېيىشىدۇ.

ئۇ كۈنلەرمۇ ئانچە يىراق ئەمەس قاچاڭ-
جاك، سىلەرگە ئوخشاش بۇرادەر ۋە ياردەمچى-
لىرىمىز بولسا ھەر قانداق ئىش ئوڭاي ئەمەس-
مۇ؟ ھا! ھا!

— دوستۇم ھابۇجاك! مەن «ئا» زاۋۇتى-
دىكى ھېلىقى ئىشقا باشلىقلارنى ھۆرمەتلەي-
دىغان، بۇيرۇغىمىزنى دەرھال ئىجرا قىلىدىغان،
ئىش بىلىدىغان كادىر كېرەك، دېگەن ئىدىم.
ھېلىقى بىزنى تولىمۇ بىزار قىلىۋەتكەن ئومەر-
نى يوتكىۋېتىپ، ساۋاپ ئىش قىلدىڭ-دە، مەن
ساڭا «ئا» زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىقى سالاھىيىتىم بى-
لەن بۇ ھەقتە كوپ قېتىم مۇراجىئەت قىلدىم.
دوستۇم ھابۇجاك، ئۆزەڭمۇ ناھايىتى كوپ باش
قاتۇردۇڭ، مەنمۇ كوپ ئىزالەندىم. بۈگۈن
مانا ماۋۇ، مېجۇرىنىنىڭ ئىنىسىنى
ساڭا ئاتايىتەن تونۇشتۇرغىلى ئەكەلدىم.

«ھابۇجاك»نىڭ كۆزى گۈرتكىنىنى سەزگەن بۇ
مەغرۇر يىگىت دەرھاللا:

— ھۆرمەتلىك ھابۇجاك! تېچ تۇردىلىمى-
كىن؟ ھابۇجاك ئاكىمىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىم
ۋە تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى ئىنتايىن
بەختلىك ھېس قىلماقتىمەن، — دەپ قاچاڭجاكغا
قاراپ قويدى. بۇ ئىشارەتنى سەزگەن قاچاڭ-
جاكمۇ «شۇنداق، شۇنداق» دېگىنىچە بۇ يىگىت-
نى ماختاپ، بولبولدەك سايراپ كەتتى:

— دوستۇم ھابۇجاك! بۇ بەكمۇ ئىشچان
يىگىت، تولىمۇ ئەقىللىق، باشلىقلارنى بەكمۇ
ھۆرمەت قىلىدۇ، سىزغان سىزىغىمىزدىن زادىلا
چىقمايدۇ. ھېلىقى ئىشقا بۇنىڭدەك باپ كىشى-
نى پۈتۈن شىنجاڭنى ئاختۇرۇپمۇ تاپالمايسەن...

ھابۇجاك بىردەم ماڭا، بىر دەم ھېلىقى
ئىككەيلەنگە قاراپ ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى-
دە، ماڭا: «ئۇكا، سەن بىلەن ئىشىمىز تۈگى-
گەن، قايتساڭمۇ بولىدۇ» دېدى. مەن قايتىپ
چىقتىم. قايتىپ چىقىۋېتىپ ئارقامدىن ھابۇ-
جاكنىڭ: «ھۆرمەتلەشنى بىلمەيدىغان ئۇدۇللا
كەتكەن سەرالىقكەن بۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭ-
لاپ قالدىم. ئويلىغىنە دوستۇم، بۇ ئىشلار نې-
مىنى بىلدۈرىدۇ؟ مېنىڭ يوتكىلىپ كېلىشىم
«ھابۇجاك» دېگەن تەكەللۇپ بىلەن ئۇنىڭ تا-
پىنىنى يالاشقا باغلىقكەن، بولمىسا مۇمكىن ئە-

مەس ئىكەن... ئەخمەت يېڭى تولدۇرۇپ قويغان چايدىن بىر يۇتتى-دە، يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— ئاداش! قايسىبىر كىشى ئۆز بالىسىغا ھابۇجاڭ، قاچاڭجاڭ، مىجۇردىن دەپ ئىسىم قويغان. ھاشىمبۇجاڭنى «ھاشىم ئاكا» دېيىش ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولامدۇ؟ مەن «ھابۇجاڭ» دېمىدىم، ھېلىقى ئىككىسىگە ئوخشاش خۇشامەتچىلىك قىلمىدىم، ياكى بىرەر مەنسەپدارنى بىللە باشلاپ كىرمىدىم. پەقەت تەشكىلى رەسمىيەت ئارقىلىق ئۆزەملا كىردىم. بۇمۇ خىزمەتكە ئورۇنلىشالماسلىقنىڭ سەۋەپچىسى بولالامدۇ؟ ئېيتقىنە، دوستۇم! بۇنداق ئىسىمنىڭ يېرىمىغا مەنسەپنى قوشۇۋېلىپ، يېڭىچە ئىسىم پەيدا قىلىش نەدىن كەلدى؟ ھابۇجاڭ، ھاجۇردىن، ھاجۈيجاڭ، ھاشۇجى، دېگەنلەر زادى خەلقنىڭ قولىغا يېقىشلىق ئاڭلىنامدۇ؟ تونۇگۈن تەشكىلات بولۇمىدىن چىققاندىن ھازىرغىچە كوپ قېتىم ئويلاندىم. مېنىڭ ئەسلىشىمچە، ئازاتلىقتىن بۇرۇن كىشىلەر شىڭدۇبەن، مادارېن، سالوزۇڭ، ۋاڭدوتەي، شويباۋجاڭ تېيىپ شەنگەن، ئومەر شاڭيۇ، قاسىم مىڭبېشى دېگەنلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم. ھازىرقى يېڭى جەمئىيىتىمىزدە ئورنىمىزنىڭ يوقۇرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىمىز باراۋەرغۇ؟! نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ قولىغا ئاكا، ئۇكا، يولداش دەپ ئاتىغان ئاددى، سەممىي سۆزلەر مۇش ئۇرغاندەك تېگىدۇ؟...

ساۋاقدىشىمنىڭ يۈرىگىدىن چىقىۋاتقان بۇ ھەققانى سۆزلەر مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇردى. پارتىيىمىزنىڭ ئىسىل ئەنئەنىلىرى «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ھوكۇم سۈرگەن يىللاردا قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇ زەھەرلىنىشنىڭ تەسىرى ئايرىم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ھازىرغىچە چىقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ...، دېگەنلەرنى ئويلۇدۇم مەن.

---

(بېشى 22- بەتتە)

تەشكىل ئۇنى: سەن باشقا ئىشنى قىلماي، مۇشۇ كىتاپنى يېزىپ پۈتتەر، دەپتىدەك. قارا، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئورنىنى پاپسا باشقا گەپ، ھە!...

ئۇئورنىدىن تۇرۇپ پۈت-قوللىرىنى بىر تولغىۋالغاندىن كېيىن، ئېرىقنىڭ ئۇ قىرىدىكى چىغلىق ئۈستىگە ئولتۇرۇپ يەنەسۆزلەپ كەتتى.

— قارا ئۇكا، سەن ئىشەنمەيسەن. باشتا يازغان خېتىمنى مەن ساڭا ئەكىلىپ كورسىتەن. ھېلىقى چاغدا «ئۇگىنىش كۇرسى» دا بىللە ياتقانلارنىڭ ھەممىمىزنىڭ ئىسمىنى ساپتۇ. «ئاكا، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىمنى ئومۇر بويى ئۇنتۇمايمەن. شۇ چاغدىكى ئەسكىلىكلىرىمنى ئويلىسام، ئۆزەمدىن - ئۆزەم يىرگىنىمەن» دەپ يېزىپ كېتىپتۇ، قارا! تېخى مېنى «ئويدىكىلىرىڭىز بىلەن كېلىپ، بۇ يەردە بىر - ئىككى ئاي تۇرۇپ كېتىڭ» دەپ يېزىپتۇ. ئۇنىڭ كوڭلىگە رەخمەت. ھى...ھى...ھى، ۋاي - ۋاي! ئۇرۇمچى دېگەن نە ئۇ.

ساۋۇركام ئەپكەچنى مۈرىسىگە ئېلىپ مېڭىپ كەتتى. شۇكۇندىن باشلاپ ئۇنى پات - پات ئۇچرۇتۇپ تۇرىدىغان بولدۇم. بەزىدە ئۇ سېۋەتتىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۈكچۈيۈپ ئارانلا ماڭاتتى. شۇنداق چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ كوزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى...

ماۋزۇ ۋە قىستۇرما رەسىمنى نۇرۇللام ئىبرايىم ئىشلىگەن.

# شېئىردا چىن ھېسسىيات ۋە ئىخچام تىل بولۇشى لازىم

ئەخمەتجان قۇربان

ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرى ئىچىدە شېئىر ئۆزىنىڭ ھېسسىياتقا باي، تىلىنىڭ ئىخچام بولۇشقا قارىتا تەلىپىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ياخشى يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىرمۇ خۇددى جاراڭلىق سىمفونىيەگە ئوخشاش، كىشىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ. بىراق، بۇنداق شېئىرلارنى يېزىپ چىقىش ئاسانغا توختىمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىردا مول تۇرمۇش بىلىمى ۋە شۇ تۇرمۇشتىن كەلگەن چىن ھېسسىيات بولۇشى زۆرۈر. ئەگەر شائىردا ئەنە شۇنداق چىن ھېسسىيات بولمىسا، ئۇنىڭ يازغانلىرى مەزمۇنسىز قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

„4 كىشىلىك گۇرۇھ" ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ھەم ئۇزۇن ھەم تەسىرسىز، قۇرۇق نەرسە بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتنىڭ ساختا ھەم ياسالما بولغانلىقىدىندۇر.

„4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا ھەقىقىي چىن ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرلار ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن رەڭگارەڭ گۈللەردەك پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى. يولداش قاسىم سىدىقنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1981- يىل 3- سانىدا ئېلان قىلىنغان «پەرۋانىغا» ناملىق شېئىرى مۇشۇ تەقلىتتىكى شېئىرلارغا كىرىدۇ.

ئاپتور بۇ شېئىردا قايناپ تۇرغان ھېسسىيات ئارقىلىق بىر تەرەپتىن پەرۋانىغا مەدھىيە ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن، زاۋال پەرەس ئادەملەرنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئالىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، پەرۋانە نۇرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل سادىقلىقىنى نۇر ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىش بىلەن ئىپادىلەيدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇ ئەھۋال ئاپتورغا چوڭقۇر تەسىر قىلغان، ئاپتورنىڭ شېئىرىي نەپەسكۈرىنى قوزغىغان، نەتىجىدە ئۇ، بۇلاقتەك ئۇرغۇپ تۇرغان ئىلھام بىلەن «پەرۋانىغا» ناملىق بۇ شېئىرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بىز بۇ شېئىرنى ئوقۇپ چىقىدىغان بولساق، كۆز ئالدىمىزدا، جەڭ مەيدانىدىكى ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىۋاتقان پىداكارجەڭچىنىڭ؛ ۋەتەنگە، ئۇ ئەقىدىسىگە سادىق ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ئوبرازى گەۋدىلىنىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ شېئىردا ئوبراز ئارقىلىق ساداقەتلىك تەسۋىرلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇلىدۇ، پىداكارلىق، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش روھى بىلەن زاۋالپەرەسلىك سېلىشتۇرما قىلىنىپ، ئالدىنقىسىغا مەدھىيە ئوقۇلسا، كېيىنكىسىگە نەپرەت ئىپادىلىنىدۇ.

شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇ شېئىرنىڭ يېزىلىشىغا ئاپتور كۆچۈرگەن رېئال تۇرمۇش- „4 كىشىلىك گۇرۇھ" ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردىكى ئىككى يۈزلىمىچى، پۇرسەتپەرەس، زاۋالپەرەس ئادەملەرنىڭ قىلمىشى ئاساس يارىتىپ بەرگەن. دېمىسىمۇ، ئاشۇ بوران-چاپقۇنلۇق يىللاردا، بىزگە ئەشۇ خىل زاۋالپەرەس ئادەملەرنىڭ ئۇچرىدىمۇ؟! ئاپتور شېئىرنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

# ئىككى شېئىر

غوجاش مەھەممەت

## ئالتۇن

ئالتۇن ئىزلەپ تاپىمەن، دەپ
چول-جەزىرە كېزىپ يۈرمە.
گايى تاشلىق، گايى قۇمدا
قارغۇلارچە ئېزىپ يۈرمە.

بۇ جاھاندا بىلىمدىنمۇ
ئېسىل ئالتۇن تاپالمايسەن.
شۇ ئالتۇنسىز بۇ ھاياتنىڭ
لەززىتىنى تېتالمايسەن.

## سىر يېشىلدى

دەردىنى ئۆز ئىچىدە بىلدى بولغاي،
ياش يىگىت ئۆز يارىنى كۈتۈپ كەتتى.
ئەگىدى تار كوچىدىن كېتەلمەستىن،
تاقەتسىز قانچە كېچە ئۆتۈپ كەتتى.

موكۈندى قۇياش يەنە تاغ كەينىگە،
خىيالچان يىگىت كېلەر كوچابويلاپ.
نېمىشكە قىز ئۆيىدىن چىقماس بولدى؟
بۇ سىرنى يېشەلمىدى تولا ئويلاپ.

پەنجىردىن كوردى قىزنىڭ جامالىنى،
قىز شۇ دەم كىتاپلارنىڭ پەرۋانىسى.
قاندۇرار چاڭقاپ تۇرغان يۈرىگىنى،
شۇ بىلىم بۇلىغىنىڭ ھەر تامچىسى.

قىز ئۈچۈن قايىل بولدى يىگىت قەلبى،
مۇھەببەت بىلىم بىلەن چېچەكلەر، دەپ.
يىگىتمۇ شۇ بۇلاقنى كەتتى ئىزلەپ،
ئىلىم-پەن سائادەتكە يېتەكلەر، دەپ.

---

«ئەجەپ بۈگۈن توكۇلدى بېشىم،
پەرۋانىنى قۇچسا مۇسىبەت.
كەلسە ئىدى شۇنىڭ ئورنىغا،
زاۋالپەرەس ئادەمگە نۆۋەت.»

ئاپتور شېئىرنىڭ ئۈچىنچى كۇبلېتىدا يەنە:

سەۋەپ، مەنمۇ نۇرنى سۆيىمەن،
پەرۋانىمۇ نۇرنى دەپ ئۆلدى.
ئۆلگەندىمۇ تۇپراققا ئەمەس،
ئۇ يەنىلا نۇرغا كۆمۈلدى.»

دېگەن جاراڭلىق ۋە ئوبرازلىق مىسرالار ئارقىلىق ساداقەتلىك ۋە ساپ ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ھامان خەلق قەلبىدە ياشايدىغانلىقىنى ئۈستىلىق بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، مەن «پەرۋانە ۋە ھۆقۇش» ناملىق يۈز كۇبلېتتىن ئارتۇق بىر داستان يازغان ئىدىم. يولداش قاسىم سىدىقنىڭ مەزكۇر شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن داستانىمنى كويدۇرۇۋەتتىم. سەۋەبى شۇكى، مېنىڭ يۈز كۇبلېتتىن ئوشۇق داستان بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسىتىمنى يولداش قاسىم سىدىق ئۈچ كۇبلېت شېئىر بىلەن مېنىڭدىن ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەن. بىز شېئىرىيەتتە ئاز سۆز ئارقىلىق مول مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تىرىشىپ ئىگەللىشىمىز لازىم.

مەن يولداش قاسىم سىدىقنىڭ مۇندىن كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىدە تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# يۈرەك نەزمىلىرى

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

## ھاسىل

بىلىمدىن تامچىسا تامچا، ئۇنىڭدىن گۈل باھار ھاسىل،
كى لوقمان جۇرئىتى بولسا، تېنىڭدە كۈچ-مادار ھاسىل.
زاماندىن تاپسا ئادەملەر بەختىنىڭ دىلبىرى- جانان،
بىلىمدىن ھەر كوڭۈللەردە جۇلالىق نۇر، پانار ھاسىل.
نادانلار ئىشرىتىگە سەن ئاياق باسماقنى ئار بىلگىن،
بىلىمدان سوھبىتى بىرلە كوڭۈلدە مۇنزار ھاسىل.
«بىلىمسىز ئەر، ئۇنۇمسىز يەر» دىگەن تەمسىل مىزان بولسۇن،
نادانلىقتىن بولۇر بىلسەڭ ئۇمۇردە قايغۇ-زار ھاسىل.

## مېنىڭ

كور، بەخت ئىلكىدە كۈلگەن سۆيگەن دىيارىم بار مېنىڭ،
كۆكلىگەن ئالتۇن دىياردا سۇلماس باھارىم بار مېنىڭ.
قان تېمىپ تۇرغان يۈزۈمدە جىلۋە ئەيلەر نۇر بۈگۈن،
شاتلىغىمنى سوزلىمەككە قولدا دۇتارىم بار، مېنىڭ.
ماڭا يات ھېجران سوزى، سۆيگۈ ۋىسال ھەمـداسىمەن،
گۈل ۋەتەن ئىشقىدا كويگەن مەردانە يارىم بار مېنىڭ.
يەڭمىسە مۇشكۈلنى كارۋان مەنزىل ئاڭا ئاچماس قۇچاق،
يەلكىدە ئىقبال يۈكى، يانماس قاتارىم بار مېنىڭ.
قۇم چېچەك ئاتمامدۇ ئاقسا چولگە ياقۇت تەرلىرىم،
تەر بىلەن شەرۋەتكە تولغان ئالما، ئانارىم بار مېنىڭ.
دەۋرىمىزنىڭ ئىشقىدىن چوغلانسا ئىقبال سۆيگۈسى،
تەن-تېنىمدىن كۈچ تامار، پۈتمەس مادارىم بار مېنىڭ.

## بولساڭ...

توكۈپ ئەجرىڭنى گۈلزار قىل، ئەگەر گۈلگە خۇمار بولساڭ،
گۈلۈڭنى ئەلگە تەقدىم ئەت ئۆزەڭنى ئەر سانار بولساڭ.

كۆڭلىنى مەھلىيا قىلسا چىمەننىڭ ئۆزگىچە ھۆسنى،
چىمەندەك خۇشپۇراق چاچقاي سوزۇك، نەزمە يازار بولساڭ.
جىنىڭ رىشتىنى مەھكەم چىگ چىچەك پەسلى باھارغا سەن،
ھەسەل ھەرە كەبى، گۈلدىن ھەسەل- شىرنە ئالار بولساڭ.
ئىچىلغاي ھويلا، باغلاردا چىچىپ خۇشبوي چىمەن-گۈللەر،
چىتىپ بەرگىنى ئۆمرۈڭنىڭ ئەگەر گۈلكارغا يار بولساڭ.

## نامەرت

سېتىپ نامۇسنى، ۋىجداننى، قارانى ئاق قىلۇر نامەرت،
يۈزى داپلىق بىلەن ھەر ئان بۇزۇقنى «ساق»قىلۇر نامەرت.
شېكەر تامسا تىلىدىن گەر، زەھەر قاينار دىلىدىن، بىل،
تۆخۇمدىن ئۈندۈرۈپ تۆكنى، تىكەندىن باغ قىلۇر نامەرت.
ئىچەر بولساڭ يۇتۇم مەينى، ئاڭا ئۇلپەت بولۇپ بىر دەم،
ئۇمۇرلۇك قايغۇ-كۈلپەتكە سېنى ئورتاق قىلۇر نامەرت.
ئېزىتقۇلۇق بىلەن ھەر ئان سېنى باشلاپ تويۇق يولغا،
سېلىپ ھەر كويغا-ھەر ئويغا سېنى قامقاق قىلۇر نامەرت.
سوكۇشتىن توختىما بۇلبۇل، يامان ئىللەتنى-ئادەتنى،
ئەجەپلەنمە، قىلىپ بوھتان سېنى ھەم زاغ قىلۇر نامەرت.

# ئىلى دەرياسى

ئىمىنجان يۇسۇپ (ئۆزبېك)

دولقۇنلىرى قىرغاق سويۇپ ئاققان ئىلى دەرياسى،
شاۋقۇنلىرى كوكتە قانات قاققان ئىلى دەرياسى،
ساھىللارغا ئۈنچە-مارجان تاققان ئىلى دەرياسى،
ئازاتلىقتىن ئۆز بەختىنى تاپقان ئىلى دەرياسى،
ھاياتلىققا نۇرلۇق چىراق ياققان ئىلى دەرياسى.

بارماقلاردەك تارماقلاردىن ناخشا توۋلاپ ئاقسەن،
كۈنەس، -تېكەس، قاش سۈيىنى بىر-بىرىگە چاتىسەن،
گۈزەل بوستان، ئېتىزلارغا خۇددى زۇمرەت ياپىسەن،
مول ھوسۇلنىڭ تويلىرىغا جۇر بوپ قوشاق قاتىسەن،
چەكسىز مۇنبەت ۋادا بويلاپ ئاققان ئىلى دەرياسى.

بويلىرىڭدا تورلۇك تۈمەن گۈل-چېچەكلەر ئېچىلغان،
ئەتراپلارغا خوش يېقىملىق ئەترە پۇراق چېچىلغان،
تاغلىرىڭدا بۇغا-مارال تاشتىن-تاشقا قىيغىتقان،
چارۋىلىرىڭ ئوتلاق ئارا بولۇت كەبى يېيىلغان،
سىماللىرىڭ دىلنى مەپتۇن قىلغان ئىلى دەرياسى.

دەۋرىم گۈزەل بولغاچ بۈگۈن، ئىلى دەريا، سەن گۈزەل،
قوچىغىڭدا يايراپ ئەركىن ئەمگەك سۆيەر ئەل گۈزەل،
ئەتراپىڭغا باقسام شۇڭا چەكسىز زېمىن-يەر گۈزەل،
ساما يولى تەھسىن ئوقۇپ، مەندىنمۇ سەن-دەر-گۈزەل،
سائادەتكە كەڭرى قوچاق ئاچقان ئىلى دەرياسى.

ئېزىز تۇپراق دۇر-سەدەپنى قوچۇپ ئاققىن ئەي، ئىلى،
توختىماستىن ناۋا قىلىپ جۇشقۇن ئاققىن ئەي، ئىلى،
ساھىللارنى گۈل-چېچەككە پۈركەپ ئاققىن ئەي، ئىلى،
ئېقىمىڭدا ئالتۇن چايقاپ سۈزۈك ئاققىن ئەي، ئىلى،
چېھرىڭ زۇمرەت، مېھرىڭ قايناق ئاققان ئىلى دەرياسى.

## پارتىيە ھەققىدە قوشاق

م. ماخمۇت

پارتىيىنىڭ نۇرلىرى
دىلىمىزغا چېچىلدى.
بىزگە بەخت يوللىرى
كەڭرى-داغدام ئېچىلدى.

زەپ چىرايلىق ئېچىلدى
بېغىمىزدا گۈل سىرىن.
پارتىيىمىز تۇرمۇشنى
قىلدى ھەسەلدىن شىرىن.

باققا كىرسەك، كۆپۈلدەپ
گۈللەر چاچتى خۇشپۇراق.
پارتىيىنىڭ شەپقىتى
بىزگە تۈگىمەس بۇلاق.

تەمبۇر بىلەن دۇتارنى
تەڭكەش قىلدۇق غېجەككە.
پارتىيە يېتەكلەيدۇ
بىزنى ھور كېلەچەككە.

چارۋىچىلار ئوي تىكەر
چىرايلىق ئاق كىگىزدىن.
پارتىيىنىڭ شەنىنى
چۇشۇرمەيمىز ئېغىزدىن.

تاغدىن-تاققا ئاشىدۇ
يايلاقتىكى ئىلقا-قوي.
پارتىيىنىڭ شەنىگە
تۈگىمەيدۇ ناخشا-كۈي.

# ئېقىل ئەينىكى

(ئۆزلىگىمدىن ئۈگەنگۈچى بىر ياش ئاغزىدىن)

ئازات نەسرۇللا

كىتاپلار كورۇپ، تەھلىل يۈرگۈزسەم ،
لېۋىڭنى پۇرۇپ ، قاشلارنى ئاتتىمڭ.
غېۋەتچىلەرنى توپلاپ يېنىڭغا،
تەنە-تاپىدىن تاشلارنى ئاتتىڭ .

«كۈلەلمىگەنگە ھىجايما» دېسەن،
ھىجىيىپ ئاندىن كۈلمەمدۇ كىشى .
مېنى ئانچىلىك دىتسىز چاغلىما ،
بىلمەمسەن، مۇشكۇل ھەر ئىشنىڭ بېشى .

ئىشقى يولىغا كىرگەن ھەر كىشى
ھەرگىز دەرھاللا ئاشىق ئاتالماس.
تومۇر تۇمشۇقمۇ رىيازەت چەكمەي ،
ياڭاق ئىچىدىن مېغىز ئالالماس؛

يېڭى ئۇچۇمدا قۇشنىڭ بالىسى ،
يەرگە چۈشۈدۇ نەچچە پالاقلاپ.
ئۇچۇشقا رېغبەت بەرمەكلىكتە يوق،
پېيىمدىن تارتتىڭ ھەدەپ ۋالاقلاپ.

مەسخىرە، دەشنام، زەھەرلىك كۈلكەڭ
تەۋرىتەلمەيدۇ روھىمغا ئۇسۇپ.
سېنى سەكلەتكەن چاغلىقلا بىلىم،
بىر كۈنى سەندىن كېتمەمەن ئوزۇپ.

كەڭ كائىناتنىڭ سىرىغا ئاشنا -
بولماققا دەۋران ئىلھام-ئاساسىم.
ئىشىم، ئىجادىم— ئەقلىم ئەينىكى،
مەسخىرەڭ بىلەن نىمە كاساسىم.

# خىجىللىق

تەلئەت ئابلىمىت

«ئۇخلاڭ بالام تۈن يېرىملاشتى،
شۇنچە زۇرلاش ئوزنى نە ھاجەت »
دىگىنىمدە قىزىم دىلخۇمار
قىلدى مېنى بەكمۇ خىجالەت:

«دادا، بۈگۈن نىمە بولدىڭىز،
نىملەرنى سوزلەپ يۈرىسىز؟
ئىلىم-پەنگە بۇلغان ئىشقىمنى
نەمانچىلا خىرە كورىسىز.

ئىلھام بېرىش بۇرۇچ ئەمەسمۇ،
ئورلەش يۇلىدا، مەن ياش تىلەككە.
ياخشى ئىشمۇ سوغاق سۇ سېپىش،
پەن ئىشقىدا يانغان يۈرەككە.»

قايىل بولۇپ سۆزلىرىگە مەن،
تۇرۇپ قالدىم بېرەلمەي جاۋاپ.
ۋۇجۇدۇمنى قۇچتى خىجىللىق،
يۈزلىرىمگە قىزىللىق تاراپ.

# پۇشايمان

## (ھىكايە)

زۇنۇن تاھىر

ئادەم بەزىدە ئىزانىڭ شۇنداق بىر ھار-
ۋىسىنى تارتىپ قالىدۇكى، مۇنداق چاغدىكى ئى-
زا ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق تۇيىلىدۇ. «يەرگە كىرەي
دىسەڭ قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دىسەڭ يىراق»
دىگەن تەمسىل ئەنە شۇنداق ئەھۋالغا قارىتىل-
غان بولسا كېرەك. سۆزلىمەكچى بولغىنىم تولۇق-
سىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىللىغىدا ئوقۇ-
ۋاتقىنىمدىكى يەنى 13 ياش ۋاقتىمدىكى
ۋەقە.

بىر تال بالا دەپ ئەركە ئۆستۈرگەنلىگى
ئۈچۈنمۇ، ئەيتەۋۇر، مەكتەپتە ئاسمانغا پىچاق ئا-
تىدىغان داڭدار شوخلاردىن سانىلاتتىم. شوخلۇ-
غۇمدىن ھەممە مېنى بىردەك «ئۇچاقتىن كىرىپ،
موردىن چىقىدىغان ئالىمقانات» دىيىشەتتى. دى-
مىسىمۇ ھېچ ئىش تاپالمىغان كۈنلىرىم ئۇچار
قۇشلارنى ئۇۋىسىدىن تۇتۇۋېلىپ كىرىسىنىگە چى-
لايتتىمدە، ئوت يېقىپ ئۇچۇرىۋېتەتتىم، ئاسماندا
قۇش ئەمەس بىر پارچە ئوت ئۇچاتتى. ئاپام
مېنى ھەر كۈنى رەتلىك كىيىندۈرۈپ مەكتەپكە
ئەۋەتەتتى. بىراق مەن، چۈشلۈكلا پۈتۈن كى-
يىملىرىمنىڭ تۈگمىسىنى ئۈزۈپ، يۈز - كۆزلىرىم
كۆكەرگەن، بېغى ئۈزۈلۈپ كەتكەن سومكامنى قول-
تۇغۇمغا قىسقان، شەپكەمنى ئوڭ تەتۈرىگە قارى-
مايلا بېشىمنىڭ ئۈدۈل كەلگەن يېرىگە تاشلاپ
قويغان ھالەتتە ئۆيگە كىرىپ كېلەتتىم. ئاپام
بۇنى ئېغىر ئالمايتتى، «بالا ئەمەسمۇ، چوڭ بول-
غانسېرى تۈزۈلۈپ كېتىدۇ» دەپ، يۈزۈمگىمۇ سال-
مايتتى. لېكىن دادام مۇنداق بەتقىلىقلىرىمغا غە-
زەپلىنەتتى، ھەر كۈنى دىگۈدەك ۋاقىراپ سو-
راققا تارتاتتى.

— باشقا بالىلار مەكتەپتىن قايتىقىنى نە-
ۋاخ، سەن نەگە باردىڭ؟

— ......

— مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، نەگە بار-
دىڭ؟ - دادام غەزەپ بىلەن يەرنى تېپىپ ۋاقى-
رايتتى.

— ھېچيەرگە، - مەن پەرۋاسىز جاۋاپ بې-
رەتتىم.

— بۈگۈن يەنە نىمە ئىش قىلدىڭ؟

— ھېچنىمە.

— يۈزۈڭدىكى نىمىنىڭ ئىزى؟

— ھېچنىمىنىڭ.

— بۈگۈن نىمە دەرس ئوتتى؟

— جىق ئوتتى. سىرتتا زۇۋاندا بولغىنىم
بىلەن دادامنىڭ ئالدىدا دۇدۇقلاپ گەپ تاپال-
مايتتىم. ئەنە شۇنداق چاغلاردا ئاپام دەرھال
ئارىغا كىرەتتى-دە: «بۇ، بىر تۇخۇمنىڭ ئىچىدى-
كى سېرىق تۇرسا، نىمىنى بىلەتتى، بولدى، مۇن-

دىن كېيىن قىلمىسۇن»، دەپ، دادامنىڭ يانىغا يېپىلغان غولىچىمنى ئۇرنىغا چۈشۈرۈۋېتەتتى، ئارقىدىن باش - كوزۇمنى سىلاپ: ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن،دە بالام. ئەنە دادىسى، قىلمايدىغان بولدى، دەپلا ئىشنى ئەپچىللىك بىلەن بېسىقتۇرۇۋېتەتتى. تۇنۇگۇنمۇ خۇددى شۇنداق بولدى. شۇڭا، تۇنجى نوۋەت كىيگەن 4 يانچۇقلۇق ماشىرەڭ چاپىنىم، يان تىكىشىگە زىغ - زىغ ئېلىنغان كەرەشنىۋاي چىبەرقۇت شىمىم ۋە كۇلرەڭ كەپكەمنى ئاياپ، ئالدىنقى 2 سائەتكىچە چوڭ ئادەملەردەك سىپايە يۈردۈم. بىراق 2-سائەتلىك دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەنلا ھەممە ئىش ئېسىمدىن كوتىرىلىپ كەتتى. مەن كەپكەمنى پارتىنىڭ ئاستىدىن غىچىملاپ ئېلىپ، سىنىپتىن بوراندەك ئېتىلىپ چىقتىم ۋە ئىككى قولۇمنى ئىككى يانچىمىغا ئۇرغىنىمچە «بادىگاپ، بادىگاپ!» دەپ ۋاقىراپ مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇدۇل. قېشىمغا باشقا ھېچكىم كەلمىگەنلىكتىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي، كەپكەمنى ئاسمانغا دەمئۇ - دەم چۆرۈپ ئوينىدىم. كەپكەمنى ھەر قېتىم ئاسمانغا چۆرۈگەندە، خۇددى كەپكە بىلەن بىللە ئاسمانغا چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك قولۇمنى ئېگىزگە سوزۇپ، توشقاندەك سەكرەيتتىم، كەپكەم يەرگە چۈشۈشى بىلەنلا كېلىشتۇرۇپ بىرنى تېپىپ يەنە قولۇمغا ئالاتتىم. بۇ ئىشىمغا زوقى كەلگەنلەردىن بىر قانچىسى ئەتىراپىمنى ئورۇۋېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شوخراق بىرسى كەپكەم تېخى يەرگە چۈشمەيلا، كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى-دە، باشقا بىرسىگە تاشلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن كەپكەم گاھ بوشلۇقتا، گاھ يەردە دىگەندەك قولدىن - قولغا ئوتۇشكە باشلىدى.

— خەپ، بەختىيار، تۇتۇۋالسام يامان قىلۋېتىمەن جۇمۇ، ھۇي، ئادىل دىگەن ماڭغا ياخشىلىقچە كەپكەمنى بېرىۋەت! بۇدا بەرمەيباقە، مەكتەپتىن يانغاندا نىمە قىلىمەنكىن.

كەپكەمنى ئۇزۇم باشقىلارغا ئوغلاق قىلىپ بېرىۋېتىپ، ئاخىرىدا چىدىيالمىدىم، بىگىز قولۇمنى چىقارغىنىمچە، كوزۇمنى چوچەكتەك قىلىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈردۈم. كەپكەم بىردىنلا، چەتتە قاراپ تۇرغان ئىجاتنىڭ ئالدىغا چۈشتى. ئىجات مېنىڭدىن ئېگىزرەك بالا بولۇپ، ئىككىمىز بىر پارتىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇنىڭ مەكتەپىمىزگە يوتكىلىپ كەلگىنىگە تېخى 2 ئاي بولمىغان ئىدى. قارىغاندا، دەرسكە خېلە ئۇستا ئىكەن، لېكىن ناھايىتى كەم سوز ئىدى.

— ھەي ئىجات، — دىدىمەن ئۇنىڭغا، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — ئالدىڭدىكى كەپكەمنى ئېلىۋال!

— ئۇزەڭ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇزەڭ ئالامسەن، — ئىجات قوپاللا جاۋاپ بېرىپ كەپكەمنى ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن كەپكەم يەنە باشقىلارنىڭ قولىغا ئوتۇپ كەتتى. ئىجاتقا قىلغان بۇيرۇغۇم بوشلۇقتا تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇپ يۈرگەن كەپكەمدەك لەيلەپ قالدى. ماڭا كەپكەنى ئالالماسلىقتىممۇ كورە، نەزىرىمدە چۇمۇلىچىلىكمۇ كورمەيدىغان ئىجاتنىڭ مېنى كوزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ دىگەن سوزى تىك كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقىسى بولغاندا مۇش بىلەنلا بىر تەرەپ قىلاتتىم. بىراق، ئادەتتە بىرەر ئېغىزمۇ ئارتۇق سوزى يوق، پىلىكتەك يۇمشاق ئىجاتقا مۇشنى ئارتۇقچە ئىش دەپ ھېساپلىدىم.

— ئوھوي، مانى.

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم-دە، ئىككى قولۇمنى شىمىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، سول پۇتۇمنى سەل ئالدىغىراق چىقىرىپ، ئىجاتنىڭ يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان كوزىگە تىكىلىپ قارىغىنىمچە مەسخىرە ئارىلاش كۇلۇپ دىدىم:

— ھى ھى ھى،سەن تاختا ماڭلاي، ئۇرا كوزىڭمۇ سوزۇڭ بار ئىكەنغۇ.

ئەندى نىمە جىدەل تېرەر، دەپ ئەتىراپىمدا قارىشىپ تۇرغان باللار سوزۇمگە پاراقىقىدە كۆلۈشۈەتتى. مەن باللارنىڭ كۆلكىسىدىن كېيىن، پىشانەمگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىمنى ئارقىغا تاشلىۋېتىپ، مەيدەمنى كېرىپ، ئىجاتنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قەدەم تاشلىدىم. بۇ ھال ئىجاتقا ئېغىر كەلگەن بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ جۈدەڭ يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ، ئاغرىنىش بىلەن:

— بۇ دۇنيادىكى سوزنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بەرمىگەن، «ئالىقانات» دەپ قويسا بولۇپلاۋالما! — دىدى.

ماڭا «ئالىقانات» دىگەن لەقەمنىڭ قانداق سىڭىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. بۈگۈن ئىجاتنىڭ بۇ لەقەمنى ماڭا يۈزمۇ - يۈز دىگىنى خېلى ئېغىر كەلدى. مەن ئەندى ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇقچە تاكاللىشىپ يۈرگەندىن كورە، چىۋىيۇندەك مۇشتۇمۇم بىلەنلا جاۋاپ قايتۇرۇشنى ئەلا بىلدىم ۋە چىشىمنى شىغىللىقتا ماڭغان ھارۋىدەك غىچىرلىتىپ، سول مۇشتۇمۇم بىلەن تۆۋەندىن يۇقۇرىغا قارىتىپ ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ تېگىگە كېلىشتۇرۇپ بىرنى ئۇردۇم. ئىجاتنىڭ بۇرنىدىن شۇ زامانلا ئۇقتەك قان كەتتى. توختىماستىن چىققان قان ھەش - پەش دىگىچە ئۇنىڭ ئاپپاق دىچولىياك كوينىگىنى قىزىل جىيا قىلىۋەتتى. بۇنى كورگەن باللار قوللىرىنى بىر خىل رىتىملىق ئۇرۇپ: ئوھوي نىجات، بالاغا قالدىڭ! ئوھوي نىجات، بالاغا قالدىڭ! دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. ئىجات بۇرنىنى قولياغلىقى بىلەن توساپ، ئۇدۇلسۇ تۇرۇۋىسى تەرەپكە يۈگۈردى. بىر توپ باللار خۇددى ھەسەل ھەرىلىرىدەك غۇژمەكلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىشتى. مەن توپىغا مىلىنىپ تونۇغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالغان كەپكەمنى قولۇمغا ئالغىنىمچە قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەستىن تۇرۇپلا قالدىم. شۇ چاغدا قولىغىم بىردىنلا ئاچچىق چىملداپ كەتتى. بۇرۇلۇپ قارىسام مەكتەپ مۇدىرى كەينىمدە تۇرۇپ قولىغىمنى چەككەن ئىمكەن. ئۇ، مېنىڭ بىلەن سوھبەتلىشمەدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بولۇمگەباشلاپكىردى. كەينىمىزدىن ئۇلىشىپلا ئىجاتنىڭ ئاپىسمۇ كىردى. ئۇ، كىرگەن پېتى ئالدىمغا كېلىپ دىۋەيلەپ: ھوي، ئەجەل ئوقى تەگمەيدىغان شەيتان قانىتى، شۇ بىر تال بالامنى ئۇرغىچە مانا مېنى ئۇر، دەپ كوزۇمگە كىرىۋالدى. مەن بۇ خوتۇندىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمغا كوزۇم يېتىپ، بولۇمنىڭ ئېچىغلىق دىرىزىسىدىن ھويلىغا سەكرەپلا بەدەر قاچتىم. شۇ قاچقىنىمچە ئىجاتلارنىڭ ئويىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدىم ۋە ئۇلارنىڭ ئويىنىڭ دىرىزە ئەينىگىنى چىقىۋېتىپ ئوچۇمنى چىقىرىۋېلىش قارارىغا كەلدىم-دە، بىر پارچە خىشنى يەردىن ئېلىپ ئېتىپ، ئەينەكنى كۆكۈم تالقان قىلىۋەتتىم. شۇ ۋاقىتتا ئوي ئىچىدىن: كىم بۇ! دىگەن[1] قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا دىرېزىنىڭ رامى جالاقىدە ئېچىلدى. قارىسام ئىجاتنىڭ دادىسى ئوڭ قولىدا سول قاپىقىنى تۇتۇۋاپتۇ. بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان قان قولىنىڭ دۈمبىسىنى قىپ - قىزىل قىلىۋېتىپتۇ. مەن بۇنى كورۇپلا قاتتىق چوچۇپ كەتتىم. قورققىنىمدىن ئويگە شۇنچىلىك تېز قاچتىمكى، بىر دوخمۇشتىن ئەگىلىشىمگىلا كەپكەم بېشىمدىن ئۇچۇپ چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ ئۇلگۇرمەي، ھەش-پەش دىگىچىلا ئويىمىزگە يېتىۋالدىم.

ئەتىسى - يەكشەنبە.

— ھەي نىجات تۇر ئورنىڭدىن!

دادامنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى مېنى شېرىن ئۇيقۇمدىن ئويغاتتى.

— ۋاي - ۋۇي، مەن ئۇگىشىغان پېتىم كوزۇمنى ئۇگىلاپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن يەنە تام

تەرەپكە ئۇرۇلۇپ يېتىۋالدىم.

— بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىنى ئويغىتىپ نىمە قىلاتتىڭىز، ھىلىمىغۇ بىچارە بالامنىڭ يۈرۈكى تىل-ئاھانىتىڭىز بىلەن مۇجۇلۇپلا كەتتى.

ئاپامنىڭ تەرىپىمنى ئېلىپ سوزلەۋاتقان مۇلايىم ئاۋازىدىن ماڭا نىسبەتەن ئاجايىپ مېھرىۋانلىق، دادامغا نىسبەتەن بىر خىل ئاغرىنىش چىقىپ تۇراتتى.

— سەنىمچۇ، ھەددىسىلا ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، جىنىم بالام، ئاپپاق قوزام، دەپ يامان ئۈگىتىۋەتكەچكە، بۇ شۇمۇڭ ماڭا ئاز بولمىغان كوڭۇل ئاغرىقلارنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ھەي، بۇقانداق بالىكىن- تاڭ؟...

دادامنىڭ سوزى ئۇيقۇمنى ئېچىۋەتتى. دادا دىگەن زادى قانداق نەرسىكىن- تاڭ! بىرەر ئېغىز ياخشى گېپى يوق. قاپىغىدىن ھېمىشەم قار يېغىپ تۇرغىنى-تۇرغان.

— كوڭۇل ئاغرىقى تېپىپ بەرگىدەك نىمە ئىش قىپتۇ؟

— نىمە ئىش قىلاتتى،-دادامنىڭ ئاۋازى ناھايىتىمۇ كەسكىن چىقتى. مەن تۈنۈگۈنكى ئىشلىرىمنى دادام ئاڭلاپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ياستۇققا چەينەكلىدىم ۋە دىردىزدىگە قولىقىمنى يېقىپ گېپىگە قۇلاق سالدىم،-بالىلار بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ.

— سىزمۇ ھەددىسىلا كوچىدىكىلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ بالىمىزنى گۇناكار قىلىۋېرىسىزكەن...

مەن يۈز-كوزۈمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئەتىگەنلىك چايغا ئولتۇردۇم. دادام ھېمىشەم بەڭۋاشلىق قىلىقلىرىم سېزىلىپ قالغاندا، تاكى تامىقىمنى يەپ بولغىچە ئارتۇق بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، يەۋالغاندىن كېيىنلا ئاندىن سوراققا تارتاتتى. بۈگۈنمۇ ئوتكەنكىلەرگە ئوخشاشلا تالاغا قاراپ تۇرۇپ:

— ئاۋال تائام، ئاندىن كالام، سەن بىلەن تامىقىڭنى يەۋالغاندىن كېيىن ئاندىن سوزلىشىمەن،-دىدى. مەن ۋاقىتنى ئۇزارتىپ دادامنى زىرىكتۈرۈش ئۈچۈن چاينى توخۇدەك ئوتلاپ، ناننى قۇشقاچتەك چايناپ ئەزمەمنى ئېزىۋەردىم. قېرىشقاندەك، شۇ ئەسنادا خۇددى تورۇستىن چۈشكەندەكلا ئىجاتىنىڭ دادىسى ئويىمىزگە كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنى كورۇپ قورقىنىمدىن قېتىپلا قالدىم. ئاڭلىشىمچە، ئۇ، ئەسلى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە «نەق ئەكسىلئىنقىلاپچى» دىگەن قالپاق بىلەن يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلىگەن ئىكەن. 2 ئاينىڭ ئالدىدا ئاقلىنىپ خىزمىتى ئەسلىگە كەپتۇ. رەھبەرلىك غوجاخۇن مۇئەللىمنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ پېنسىيىگە چىقارغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ، بىكار ياتماستىن، ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەش دەمسەن، مەكتەپنىڭ ئىچى-تېشىنى سۈپۈرۈش دەمسەن ھەممىنى قىلاتتى. شۇڭا مەكتەپتىكى پۈتۈن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ھورمەتلەيتتى. بىراق مەن ئۇنىڭ قولىدىن سۈپۈرگە چۈشمىگىنىگە قاراپ، ئۇنىڭغا «غوجاخۇن سۈپۈرگە» دەپ لەقەم قويۇۋالغان ئىدىم ۋە كورگەنلا يېرىمدە لەقىمىنى ۋاقىراپ، تېرىكتۈرۈپ ئوينايتتىم.

غوجاخۇن مۇئەللىم ئويىمىزگە قانداق تېز كىرگەن بولسا، دادام ئۇنى كورۇپ كەينىدىكى قولىنى شۇنداق تېزلىكتە ئاغزىغا ئاپاردى-دە، تاماكىسىنى شارتلا ئېلىپ، ئېچىنغلىق دىرىزىدىن ھويلىغا تاشلىۋەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇئەللىم.

دادامنىڭ دائىملىق گىدىيىپ تۇرىدىغان بەستى بىردىنلا يېپىلى چىقىپ كەتكەن رېزىنكە ئودەكنىڭ بويىنىدەك لاسىدە ئالدىغا تاشلىنىپ، قامىتى يېرىم پۈكۈلدى، ئارقىسىغا

تۇتۇپ يۇرىدىغان قولى كوكسىگە چىقتى.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، قانداق ئوسمان ياخشى تۇردىڭمۇ؟

غوجاخۇن مۇئەللىم دادام بىلەن قول ئېلىشىپ قىزغىن ئەھۋاللاشتى.

غوجاخۇن مۇئەللىم توردە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇينىڭ ئىچىنى 1-2 مىنۇتتەك جىمجىتلىق قاپلىدى.

— قاپىغىڭىز نېمە بولدى، — دەپ سوراپ قالدى دادام باشقا گەپ تېپىلمىغاندەك، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، غوجاخۇن مۇئەللىمدىن. ئۇنىڭ سول قېشىنىڭ 3 يۇقۇرى تەرىپى ئاق داكىدا تېڭىۋېلىنغان ئىدى.

ئىم، ئەندى چاتاقنىڭ يوغىنى چىقىدىغان بولدى. يۈرىكىم جىغلا قىلىپ، نەپىسىم قىسىلدى. ئۇيىدىن چىقىپ كېتەي دېسەم، دادامنىڭ رۇخستى يوق. باشقا كەلگەننى كورمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

— ھە! بۇ...، — دېدى غوجاخۇن مۇئەللىم ماڭا قارىغىنىچە سوزىنىڭ ئاخىرىنى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىپ، — ئاددىلا بىر جاراھەت. مەن ئۇنىڭ سوزىنىڭ ئاخىرىنى شۇنچىلىك تاقەتسىزلىك بىلەن كۇتتۇمكى، گېپى ئاخىرلاشقاندا، ئىختىيارسىز ھالدا، يېنىك بىر «ئۇھ» يۈرەك-باغرىمنى يېرىپ دېگەندەك چىقىپ كەتتى.

— بىزنىڭ نىجات مەكتەپتە قانداغراق؟ قېرىشقاندەك دادام يەنە مېنىڭ گېپىمنى چىقاردى.

— ئاڭلىسام، يېقىندىن بۇيان ئوگىنىش، تەرتىپتە ياخشى ئىكەن، يەنە كېلىپ ئىككىمىز شۇنداق يېقىن، دەرس ئاياقلاشتىمۇ، نىجات قېشىمغا كېلىدۇ...

ئەندىغۇ تۈگىگەندىمەن، مەن ئىشىك تەرەپكە قاراپ قېچىشقا تەمشەلدىم.

— شۇنداقمۇ تېخى.

دادام گەپ ..!رىلىدى.

— شۇنداق، نىجات بېشىمغا كېلىدۇ-دە، سالىمىنى بېرىۋېتىپ، ئاندىن قولۇمدىن سۇپۇرگىنى ئالىدۇ...

غوجاخۇن مۇئەللىم چىرايىنى ئوزگەرتمەستىن مېنى ھەدەپ يالغاندىنلا ماختىمىدى. مەن ئۇنىڭ سوزلىرىدىن شۇنچىلىك خىجالەت بولدۇمكى، گويا پۈتۈن بەدىنىمگە ئوت تۇتۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئورنۇمدا ئولتۇرالماي قالدىم.

— مەن ئىشەنمەيمەن، — دېدى دادام، غوجاخۇن مۇئەللىمنىڭ سوزىنى بولۇپ: غوجاخۇن مۇئەللىم دادامنى ئىشەند رۇشكە ئۇرۇنمىدى. ئۇ، تەرلەۋاتقان پىشانەمنى ئالقىنى بىلەن يۇمشاق سىلاپ قويۇپ، ئۈزۈلۈپ قالغان سوزىنىڭ ئاخىرىغا مۇنۇ گەپنى قوشۇپ قويدى: باللار بىزنىڭ كېلەچىكىمىز، باللىقتا بەزى قاملاشمىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. باللىرىمىزنى كوڭۇل قويۇپ تەربىيىلەش بىزنىڭ بىردىن-بىر بۇرچىمىز.

«خۇدا ساقلىمىغان يەردە بالا يوق» دېگەندەك، «سىرىم» قىلچىمۇ ئاشكارىلانمىدى. چوڭلار يىغىلغان يەردە پۈتۈن دۇنيانىڭ گەپلىرى بولىدىغان گەپكەن. مېنىڭ ئۇستۇمدىكى گەپلەر ئاخىرلاشقاندا دادام مېنى:

— ماڭ جۇگۇ، ئەتىكى دەرسىڭنى تەكرارلا، — دەپ چىقىرىۋەتتى. مەن قەپەزدىن چىققان قۇشتەك ئۇيدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتىمۇ دادامدىن قورققىنىمدىن دەرس تەكرارلاشقا ئولتۇردۇم. لېكىن مېنىڭ كاللامدىن: غوجاخۇن مۇئەللىم نېمىگە كەلدى؟ دېگەن تەشۋىشلىنىك ئوي كەتمىدى.

غوجاخۇن مۇئەللىم كەتكەندىن كېيىن قورىنغان ھالدا دادامدىن سورىدىم.

— دادا...ھە...سەن غوجاخۇن مۇئەللىمنى... ھە...قانداق تونۇيسەن؟

نىمىشكىدۇ دادامنىڭ ئىچىز لەۋلىرى تىترەپ، ئۇسكىلەڭ قاشلىرى ئىختىيارسىز لىپىلداپ كەتتى. ئاپامغا قارىسام ئۇنىڭمۇ كوزلىرى ياشقا تولۇپتۇ.

— مەن ھېچنىمىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. زادى نىمە ئىش بولدى، — دىدىم بىردەم تىكىلىپ تۇرۇپ:

سوئالىمدىن كېيىن دادام مېنى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزدى-دە، بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بالام، ساڭا مۇنداق بىر ۋەقەنى سوزلەپ بېرەي، — دەپ ھىكايىسىنى سوزلىدى.

1958-يىلى، مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى غوجاخۇن مۇئەللىمنىڭ قولىدا تۈگىتىپ، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن شۇ مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ قالدىم. «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلانغاندا، «ئىسيانچىلار» مېنى يوقىلاڭ بەدناملار بىلەن قولغا ئالدى. 1967-يىلى 6-ئايدا، مەكتەپتە ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىق توقۇنۇشى يۈز بېرىپ، ئۇرۇش 5 سوتكا داۋام قىلدى (بۇ چاغدا مەن يەنىلا نەزەر بەنتتە ئىدىم). بۇ ئائىلىمىزدە تۇنجى تۇۋەت دۇنياغا كەلگەن قوش كېزەك ئوغۇلنىڭ تېخى 3 ياشقا تولمىغان ۋاقتى ئىدى. مەكتەپ بىناسىنى ئىشغال قىلالمىغان قارشى كوز قاراشتىكىلەر 7-كۈنى غالجىرلاشقان ھالدا توپ كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ، مەكتەپ بىناسىنى ۋەيران قىلدى. بىزنىڭ ئولتۇراق ئويىمىز مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئىدى. دەل شۇ كۈنى بىر پاي توپ ئوقى ئويىمىزنىڭ قېشىغا چۈشۈپ، ئويىمىز بىراقلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا سەن، ئاپاڭ ۋە قوش كېزەك ئاكاڭ ئوينىڭ ئىچىدە قاپسىلەر. بۇنى كورگەن خوشنىمىز سىلەرنىڭ ئاڭلىنار-ئاڭلانماس پەرياتىڭلارغا چىداپ تۇرالماي، ئەندىلا 18 ياشقا كىرگەن ئوغلىنى باشلاپ، يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان ئوققىمۇ قارىماستىن سىلەرنى قۇتقۇزغىلى كەپتۇ. ئۇلار مىڭ بىر

مۇشەققەتتە ئازراق يوچۇق ئېچىپ، ئوپىنىڭ ئىچىدىن سېنى خوشنىمىز، ئاكاڭنى خوشنىمىزنىڭ ئوغلى باغرىغا باسقان ھالدا ئويىگە سالامەت ياندۇرۇپ كىرىپتۇ. بىراق، ئۇنىڭدىن كېيىن ....

دادام گېلىغا بىر نەرسە قاپلىشىۋالغاندەك، سوزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— شۇنىڭدىن كېيىن قانداق بوپتۇ، — دەپ سورىدىم مەن تاقەتسىزلىك بىلەن.

— ئۇنىڭدىن كېيىن، — دىدى دادام، بىر ئۇلۇق كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن سوزىنى داۋام قىلىپ، — خوشنىمىزنىڭ ئوغلى ئاكاڭنى ئاپاڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بولۇپ ئالدىغا دۈملا چۈشۈپتۇ. ئۇ، يىقىلغان پېتى ئىككىنچى يېنىشلاپ تۇرالماپتۇ.

— نىمىگە تۇرالمىدى؟ — مەن يەنە گەپ ئارىلىدىم.

— سىلەرنى ياندۇرۇپ چىقىۋاتقاندا، ئۇنىڭ تاغىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 2 پاي ئوق تەككەن ئىكەن، كىم بىلسۇن، ئۇ كوزى كور ئوقنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا ئەجەل ئوقى بولۇشىنى...

— خوشنىمىزنىڭ ئوغلى راستىنلا ئولدىما؟

— ئولدى.

— ئۇ خوشنىمىز ئوزىچۇ؟

— بار، بايىقى كەلگەن غوجاخۇن مۇئەللىم شۇ.

— ھە! غوجاخۇن مۇئەللىم، — مەن چوچىگەندەك كەينىمگە داجىپ كەتتىم، — ئەمىسە ئاكامچۇ؟

— ئاكاڭمۇ بار.

— ئۇ ھازىر قەيەردە؟

— سەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئىجات دەل شۇ سېنىڭ ئاكاڭ.

— نىمە، ئىجات مېنىڭ ئاكام!

— ئىسىت! ئىسىت! بېشىم نومۇس كۈچىدىن تىزىمغىچە ساڭگىلاپ چۈشتى. شۇ تاپتا مەن پۇشايماندىن نىمە قىلىشىمنى بىلمەي ئاستىمدىكى كىگىزنىڭ گۈلىنى ھەدەپ يولاتتىم.....

# ئارزۇ

(لىرىك سەنۋىن)

ئەنەيتوللا قۇربان

زەڭگەر ئاسمانىنىڭ بۇلۇتسىز باغرىدا، شامال دولقۇنلىرىنى يېرىپ، ئوتكۈر كوزلىرىنى يىراقلارغا تىككىنىچە شىمال تامان يول ئالغان لاچىنىنىڭ لەرزان قانات ئۇرۇشى، ئۇزاقتىن بويان، دىلىمدا تەلپۈنىش، كورۇش تۇيغۇسىنى قوزغىغان گۈزەل ئىلى—سۆيۈملۈك دىيارنى قايتا ئېسىمگە سالدى؛ گۈلىستان ماكانىنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتى، يۈرەك باغرىمدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، مېنىڭ قەلبىمنى، تەنلىرىمنى، بارىمنى ئوز ئىلكىگە ئالدى.

ئېخ، ئىلى، سۆيۈملۈك دىيار! سېنىڭ نامىڭنى ئاڭلىغىنىمدىن بېرى، تىللاردا داستان تەرىپىڭنى ئىشىتكىنىمدىن بويان، سېنى بىر قېتىم كورۇپ، مۇھەببەت ئوتى يالقۇنلىغان قەلبىمنىڭ ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى قاندۇرۇش ئىستىكىدە بولغانلىغىمنى بىلەمسەن؟! سېنىڭ چىمەنلىك دالالىرىڭدا لەرزان ئۇچۇپ، ئالمىلىق باغلىرىڭنى خۇشال ئايلىنىپ يۈرۈشىمنى؛ ئۈزۈلمەس دولقۇن ياساپ ئاققان زۇمرەت سۇلىرىڭنى قىنىپ-قېنىپ سۈمىرىپ، ئاۋرال تاغلىرىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىغا چىقىپ، كوز چاقنىتىپ تۇرغان ئەتراپلىرىڭنى، يېشىل مەخمەلدەك تاۋلىنىپ تۇرغان يايلاقلىرىڭنى، سان-ساناقسىز مەدەن-بايلىقلىرى قوينىغا بېسىپ ياتقان تاغلىرىڭنى كورۇشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىدىغانلىغىمنى بىلەمسەن؟! ........

ئېخ ئىلى! مەن سېنىڭ نامىڭنى، سېنىڭ باغرىڭدىن ئۇچۇپ كەلگەن، مەن بىلەن بىللە ساۋاقداشلىق ھاياتىنى ئوتكۈزۋاتقان پەرزەنتلىرىڭدىن ئاڭلىغان ئىدىم. مەن ھەر قېتىم ئۇلاردىن سەن توغرىلىق سوزلەپ بېرىشىنى ئوتۇنگىنىمدە، ئۇلار گويا گۈللۈك دالادىكى غەزەلخان بۇلبۇللاردەك، تەرىپىڭ ھەققىدە تەسىرلىك ھېكايىلارنى، تەسىرلىك شېئىر-قوشاقلارنى، يېقىملىق ناخشا كۈيلەرنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئەنە شۇ چاغ مېنىڭ سېنى بىر كورۇپ، ساڭا تەلپۈنگەن، سېنى كورۇشنى زارىقىپ كۈتۈپ كېلىۋاتقان يۈرۈكۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇغان مۇھەببەت تۇيغۇسىدىن ساڭا ئىزھار قىلىش، سېنىڭ تۇپراقلىرىڭنى قۇچاغلاپ سۆيۈش ئارزۇيۇم تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى.

بىراق، كۈنلەر شۇنچە تېز ئوتۇپ كەتتى. مېنىڭ ئارزۇيۇم تېخىچە ئەمەلگە ئاشمىدى. ساڭا بولغان ئىنتىلىشىم ھامان بىر خىيال بولۇپ قېلىۋەردى. ياق، بۇ ھەرگىز قۇرۇق خىيال ئەمەس، بۇ ھەقىقى تەلپۈنىش، چىن سۆيگۈ - مۇھەببەت. مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىم، سېنى كورۇشكە بولغان ئىنتىلىشىم كۈنلەرنىڭ ئوتۇشى بىلەن يوقۇلۇپ كەتمەيدۇ، مەڭگۈ يوقالمايدۇ!

مانا، مېنىڭ ئەشۇ ھېسسىياتلىرىم، سەن تامان ئۇچقان مەغرۇر لاچىن بىلەن بىللە كەتمەكتە. ئەنە، ساما ئەركىسى، ئارزۇيۇم سىردىشى لاچىن مېنىڭ كوڭۇل كويۇمنى چۈشەنگەندەك، تاڭ شەپىقىدە قىزغۇچ تاۋلىنىپ، گاھ ئېگىزلەپ، گاھ پەسلەپ، گويا «ئەي ئىشقىۋاز يىگىت، ئوز ئارمىنىڭنى، سۆيگۈ سالىمىڭنى بايان ئەيلە! مەن ئۇنى بىپايان ئىلى دىيارىغا ئالغاچ كېتەي،» دېگەن-

دەك، كوپ-كۆك سامادا ئايلانماقتا.

ئەي، لاچىن! مېنىڭ سۆيگۈ سالىمىمنى، قۇتلۇق بايانىمنى سەپەرگاھىڭ، نۇرلۇق نىشانىڭ بولغان ئىلىگە ئالغاچ كەت. ئىلىلىق قېرىنداشلار، دوست-يارەنلەرنىڭ پاك قەلبىگە چىن دوستلۇق، سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ سىماسى بولغان ئوتلۇق مېھرىمنى ئالغاچ كەت.

ئەي لاچىن! ئالدىرىما، سۆزۈمنى ئاڭلا! ئال!ئال! ساڭا تۇتتۇم، بۇ ئارزۇيۇمنى، ئېلىپ كەت! ئېلىپ بار ئۇنى گۈلىستان دىيارقوينىدىكى چوڭ يۇلتۇزغا، ئالمىلىققا، دەريا ساھىلىدىكى قويىق قومۇشلۇققا. كورسۇن ئۇ، نۇزۇگۇمنىڭ قان ئۇيۇپ داغ بولغان ئىزلىرىنى؛ ئاڭلىسۇن ئۇنىڭ سىغدىنىش قوشاقلىرىنى، غەزەپلىك ساداسىنى، زۇلۇم دەستىدىن تاراملاپ ئاققان كۆز يېشىنى؛ مىللەت غۇرۇرىنى ساقلاپ، جاللاتلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇچمەس كۈرشىنى!

ئاڭلىسۇن! ئۇ، ئىلى ۋادىلىرىدا ئۇزىنىڭ كۆرەشچانلىقى، چىدام-غەيرىتى، پەھلىۋانلىقى بىلەن داڭ چىقارغان سادىر پالۋاننىڭ دۈشمەنگە قارشى ئۇچمەنلىك، خەلققە بولغان مۇھەببەت قاينىغان قوشاقلىرىنى؛ كۆرسۇن ئۇ، سادىرنىڭ مىڭلاپ چىرىك بىلەن جەڭ قىلغاندىكى چەبدەس قامىتىنى، ھەر تال ئوقتا يەر چىشلىگەن چېرىكلەرنىڭ ئۇلۇم ھالىتىنى!........

ئاڭلىسۇن ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخرى، مەڭگۇ ياد ئېتىلىدىغان قەھرىمان پەرزەنتى؛ ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى، ۋەتەن خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۇچۇن ئۇزىنىڭ ئۇچمەس تۆھپىسىنى قوشقان ئاتاغلىق جەڭچىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازىنى؛ كۆرسۇن! ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەنە شۇ غۇرۇرلۇق ئوغلانىنىڭ ھەر بىر ئىزىغا باققان سۆيۇنۇش كۆزلىرىنى......

قاناتلان! قاناتلان! ئەي دىلكىشىم لاچىن. گۈلىستان ئىلىنىڭ ئۈستىدە خۇشال پەرۋاز قىل، ساڭا تۇتقان ئارزۇ تۇيغۇچىمنى ئەنە، شۇ سامادىن، دىيارنىڭ ھەر تاپان يېرىگە چاچ! چېچىۋەت، ئۇ يەرلەردىن گۈللەر پۈرەكلەپ ئېچىلسۇن!

قارا! يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۇزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى بىپايان دالاغا سېخىيلىق بىلەن توكمۇۋاتىدۇ؛ قۇياش نۇرىدا قىزغۇچ تاۋلىنىپ، بۇلۇتسىز ئاسماندا لەرزان ئايلىنىۋاتقان ۋەتەن لاچىنى مىليونلار قاتارىدا مىنىڭمۇ ئوتلۇق سالىمىمنى ئېلىپ، گۈلىستان ئىلىگە قاراپ مەغرۇر ئۇچىۋاتىدۇ. ئەنە ئۇ، شائىرلار قەلبىنى ئىلھا سالغان، رەسساملار قولىنى ئىشقا سالغان، جاھانغا داڭدار تەبىي گۈزەللىكى بىلەن مىليونلار دىلىدىن ئۇچمەس ئورۇن ئالغان سايرام كولىنىڭ سۈزۈك سۇلىرىنى سۆيۇپ ئوتمەكتە؛ ئەنە ئۇ، مەشھۇر تەلكە داۋىنىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك، ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان مەزمۇت قارغايلارغا قانات ئورۇپ، خوشلىشىپ كەتمەكتە. ئەنە، ئەنە ئۇ، گۈلىستان دىيارىنىڭ ئۈستىدە خۇشال ئايلانماقتا. ئاھ! مانا شۇ چاغ بەختىيار لاچىنىمنىڭ قانىتى، مېنىڭ قانىتىم بولسا، ھەر تەرەپكە تويماي قاراۋاتقان ئاھۇ كۆزلىرى مېنىڭ كۆزۈم بولسا، ۋەتەنىنىڭ ھەر جايى بىلەن تومۇرداش ئىلىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىگە تەلپۈنۈپ سوقۇۋاتقان يۈرىكى مىنىڭ يۈرىكىم بولسا، ئېيتقىنە! بۇ، مەن ئۇچۇن نەقەدەر بەخت، نەقەدەر خۇشاللىق بولاتتى—ھە؟!........

### چۆچەكلەر

# ھاراقنىڭ كارامىتى

قەدىمقى زاماندا، يىراق ماكاندا، ھەشەمەتلىك بىر شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى ئۆز شەھىرىدىكى پۇخرالارنىڭ ھاراق ئىچىشىنى مەنئى قىلغان ئىكەن. بىر كۈنى، چەت مەملىكەتتىن كەلگەن بىر سودىگەر پادىشانىڭ قانۇنىدىن خەۋەرسىز، ھېلىقى شەھەرگە ھاراق ئېلىپ كىرىپ سېتىپتۇ. پادىشانىڭ ئادەملىرى سودىگەرنى دەرھاللا تۇتۇپ، پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— سەن مېنىڭ شەھىرىمدە بۇ زەھەرلىك نەرسىنى سېتىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ -دەپ سوراپتۇ پادىشا، سودىگەردىن.

— يوقسۇ تەقسىر، بۇ زەھەرلىك نەرسە ئەمەس، ھاراقنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق كارامىتى بار، -دەپتۇ سودىگەر.

— قېنى سۆزلە! نىمە كارامىتى بار؟ -دەپتۇ پادىشا غەزەپلىنىپ.

— بىرىنچىدىن، قارغۇنىڭ كوزىنى ئاچىدۇ، -دەپتۇ سودىگەر تىترەپ تۇرۇپ، -ئىككىنچىدىن، قورقانچاقنى باتۇر قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بېخىلنى مەرت قىلىدۇ.

— ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا ساڭا ئازاتلىق بېرىمەن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن، -دەپتۇ پادىشا.

پادىشا ئۆردىدىكى بىر ئۆيىنى نازۇ-نىمەت، ھاراق-شاراپ بىلەن تولدۇرۇپ، شەھەردىن بىر قارغۇ، بىر قورقانچاق ۋە بىر بېخىل كىشىنى تېپىپ كېلىپ، بۇ ئۆيدە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۆزى بولسا ئۇلارنى سىرتتىن كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ.

پادىشانىڭ مۇنداق ئىلتىپاتىدىن خوشال بولغان ھېلىقى ئۈچ كىشى تاماقلاردىن تويغىچە يەپ، ھاراق-شاراپتىن يېتەرلىك ئىچىشىپتۇ. ئىچىپ تازا قىزىغاندا ھېلىقى قارغۇ قوپۇپ:

— ئاغىنىلەر، نىمە كارامەت بۇ؟ جاھان ماڭا يوپ-يورۇق بولۇپ كېتىۋاتىدۇغۇ. پادىشانىڭ بۇ سارىيىدىكى گىلەملەر، چىنە-قاچىلار نىمە دىگەن گۈزەل-ھە! -دەپتۇ.

ھېلىقى قورقۇنچاق ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇشۇ دۇنيالارنىڭ ھەممىسى بىزدەك گادايلارنىڭ قان-تەرىدىن كەلگەن، ئۇرۇپ-چېقىپ، كۆكۈم-تالقان قىلىۋېتەيلى! -دەپ گىلەملەرنى يىرتىپ، چىنە-قاچىلارنى دەسسەپ چاقىقلى تۇرۇپتۇ.

قىزىپ كەتكەن بېخىلمۇ چىداپ ئولتۇرالماي:

— چاقە-چاق! يامىنى كەلسە، پۇلىنى ئۆزەم تولەيمەن! -دەپ ۋاقىراپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كورگەن پادىشاھ ھاراقنىڭ كارامىتىگە قايىل بولۇپ، سودىگەرنى ئۆلۈمدىن ئازات قىلىۋەتكەن ئىكەن.

رەتلىگۈچى: زەينىدىن تۇردى



# ئەقىللىق يىگىت

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. پادىشانىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر قىزى بولۇپ، قىز بالاغەتكە يەتكەندە تەرەپ-تەرەپتىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. لېكىن، مەلىكە ئەرگە تېگىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا تەلىپىنى رەت قىلىپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئەلچىلەر پادىشانىڭ قۇلىقىنى تىنجىتماپتۇ. ئاخىرى، پادىشا قىزىنىڭ زادى نىمە غەرىزى بارلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئارىغا ئادەم قويۇپتۇ.

„دادام مەن ئۈچۈن قىرىق بىر پەلەمپەيلىك ئىمارەت سالدۇرسۇن، مەن شۇ ئىمارەتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. كىمكى شۇ قىرىق بىر پەلەمپەينى بېسىپ مېنىڭ ئالدىمغا چىققىچە، مېنى ئۈچ قېتىم ئاچچىقلاندۇرۇپ، ئۈچ قېتىم كۈلدۈرەلىسە، مەن شۇ كىشىگە تېگىمەن؛ ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، كاللىسىنى ئالىمەن.» -دەپتۇ مەلىكە، دادىسى ئەۋەتكەن ئەلچىگە.

پادىشا قىزىنىڭ بۇ شەرتىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قىرىق بىر پەلەمپەيلىك ئىمارەت سالدۇرۇپتۇ ۋە يىراق - يېقىندىكى ھەممىسىگە قىزىنىڭ شەرتىنى جاكا قىلىپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئىشىتكەن نى-نى شاھزادىلەر تەلەي سىناپ باقماقچى بولۇپ كېلىپ، جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. بىر كۈنى، جاڭگالدا باينىڭ قويلىرىنى بېقىۋاتقان بىر كەمبەغەل يىگىت بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۆز تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ. پادىچى يىگىت ئوردا دەرۋازىسىغا يېتىپ بارغاندا، دەرۋازىۋەنلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ:

— ھوي تاز! جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟ كورگەن كۈنىڭگە شۈكرى قىلىپ، يولۇڭغا ماڭ! — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

لېكىن، پادىچى يىگىت ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاخىرى، مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. پادىچى يىگىت بىرىنچى پەلەمپەيگە ئاياق بېسىشى بىلەنلا يۇقۇردا ئولتۇرغان مەلىكىگە قاراپ:

— ئاھ، خېنىم! بىر بەرىسلە، بىر بەرىسلە- دىگەن ئىكەن، مەلىكە قاتتىق غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. يىگىت:

— قوللىرىدا مەي- شاراپتىن بىر ئاياق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرغان ئىكەن، مەلىكە كۈلۈپ ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇپتۇ. پادىچى يىگىت شۇ ئارىدا ئون ئىككىنچى پەلەمپەيدىن ئېشىپ بوپتۇ. ئۇ يەنە بېيىتنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ۋاي خېنىم سوققۇم كېلۇر، سوققۇم كېلۇر- دىكەن ئىكەن، مەلىكە يەنە دەرغەزەپكە كەپتۇ. يىگىت يەنە:

— دۈشمىنىڭنىڭ بېشىغا ئون مىڭ تاياق- دىگەن ئىكەن، مەلىكە شاتلىنىپتۇ. پادىچى يىگىتمۇ ئوتتۇزىنچى پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىقىپ بوپتۇ، ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— جان خېنىم، ياققىم كېلۇر، ياققىم كېلۇر- دىگەن ئىكەن، مەلىكە غەزەپتىن تىترەپ كېتىپتۇ. يىگىت بېيىتنى:

— مەلىكەمنىڭ بېشىغا شامۇ چىراق- دەپ ئاخىرلاشتۇرۇپ، قىرىق بىر پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىقىپ بوپتۇ. مەلىكىنىڭ چىرايىمۇ گۈلدەك ئېچىلىپ، تازىمدا تۇرغان يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپتۇ. شۇندىن كېيىن، پادىشا ئۆز ۋەدىسىنى بىجا كەلتۈرۈپ، قىرىق بىر كېچە- كۈندۈز توي قىلىپ، قىزىنى ھېلىقى ئەقىللىق يىگىتكە نىكاھلاپ بەرگەن ئىكەن.

رەتلىگۈچى: ھېلىمنىياز قادىر

# توتى قۇش بىلەن شاھ

ئۆتكەن زاماندا بىر پادىشا بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئەقىللىق بىر توتى قۇشى بولۇپ، پادىشا ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. بىر كۈنى توتى قۇش پادىشاغا:

— يىراق ئىسسىق ئەللەردە ئۇرۇق تۇغقانلىرىم بار ئىدى. پەلەكنىڭ تەغدىرى بىلەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولدۇم. رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۆز يۇرتۇمغا بېرىپ قېرىنداشلىرىمنى يوقلاپ كەلسەم؟! — دەپتۇ.

شاھ، ئامراق قۇشىنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەپتۇ.

بىر كۈنى پادىشانىڭ ئالدىغا بىر سەيياھ كەپتۇ. سەيياھ شاھ ئالدىدىن چىقىپ، ئالتۇن قەپەز يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا توتى قۇش ئۇنىڭغا:

— ئەي، شاپائەتلىك، كۆپنى كۆرگەن سەيياھ، سەن جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كېزىسەن، مۇبادا، سەن ئەرەپ چۆللىرى بىلەن مېڭىپ قالساڭ، ئۇ يەردە بىر دېڭىز بار. دېڭىزدىن ئۆتسەڭ، ئاجايىپ بىر مەملىكەتكە يېتىسەن. ئۇيەردە قۇياش ھەردائىم چاقناپ تۇرىدۇ. ھېچقاچان سوغ بولمايدۇ. ئۇيەرنىڭ ئادەملىرى كۆسەيگە ئوخشاش قاپ-قارا. شۇيەردە سەن شاختىن - شاخقا قونۇپ ئەركىن ئويناپ يۈرگەن توتىلارنى كۆرسەڭ، ئۇلارنى كۆرگەندە مېنىڭدىن سالام دېگىن: مېنىڭ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم ئازاپ چېكىۋاتقانلىقىمنى، ئۇلارنى سېغىنغانلىقىمنى ئېيتقىن، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە يىللار ئۆتۈپتۇ. سەيياھ جاھاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھېلىقى ئاجايىپ مەملىكەتكە بېرىپ قاپتۇ ۋە ئۇچۇپ يۈرگەن توتى قۇشلارنى كۆرۈپ، ئالتۇن قەپەز ئىچىدىكى بىچارە توتىنىڭ ئۆتۈنۈشىنى يادىغا ئاپتۇ.

— ئەي توتى قۇشلار! — دەپتۇ سەيياھ، — دېڭىزنىڭ نېرىسىدىكى ئېگىز تاغلارنىڭ ئارقىسىدا بىر مەملىكەت بار. شۇيەردە، پادىشانىڭ سارىيىدىكى ئالتۇن قەپەز ئىچىدە بىر توتى قۇش ئازاپ چەكمەكتە. ئۇ، سىلەرنى سېغىنىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان توتى قۇشلارنىڭ ھەممىسى يەرگە يىقىلىپتۇ. بۇ ھادىسىنى كۆرگەن سەيياھ ھەيران بولۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇ يەنە دېڭىز - دەريالاردىن ئۆتۈپ، تاغۇ - دەشتىدىن ئېشىپ، ھېلىقى شاھ سارىيىغا كەپتۇ ۋە قەپەز ئىچىدىكى توتىغا بولغان ۋەقەنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، پادىشانىڭ توتى قۇشىمۇ يىقىلىپتۇ. بۇ ۋەقەدىن قورقۇپ كەتكەن سەيياھ ئورنىدىن دەرھاللا قېچىپ كېتىپتۇ.

توتىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان شاھ ئېغىر قايغۇغا چۈشۈپتۇ، ئۇ ئالتۇن قەپەزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي، سۆيۈملۈك توتى قۇشۇم، سەن مەندىن رەنجىدىڭ، مېنىڭ سېنى قويۇپ بەرمىگىنىم سېنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ئىدى. ئەندى مەن سېنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرىڭنى ئاڭلىماي قانداقمۇ ياشالايمەن، — دەپ كۆز ياش تۆكۈپتۇ.

توتى قۇشنىڭ شاھقا رەھمى كېلىپ، كۆزى ئاستا - ئاستا ئېچىلىپتۇدە:

— ئەي شاھىم! سەن مېنىڭ ئاۋازىمنى ياخشى كۆرگىنىڭ بىلەن، ئۆزەمنى ئەركىنلىكتىن

مەھرۇم قىلىپ قىيىنساڭ بولامدۇ؟ سەن ماڭا ئاز بولسا 15 كۈن رۇخسەت قىل. مەن تۇغۇلغان يۇرتۇمنى، ئۇرۇق-تۇققان، دوست- يارلىرىمنى كۆرۈپ كېلەي. بولمىسا مەن ئۆلۈشكە قارار قىلدىم،- دەپتۇ.

شاھ قەپەزنى ئېچىپ:

— تۇتى قۇشۇم، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل!- دەپتۇ-دە، قۇشنى قويىۋېتىپتۇ.

☆ ☆

تۇتى قۇش ئۆز يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە بولۇپ، يۈرىكى شاتلىققا تولۇپ، باغلار ئۈستىدە دوستلىرى بىلەن ئۇچۇشۇپ ئويناپ، بەلگۈلەنگەن ۋاقتىنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قاپتۇ. ئالتۇن قەپەز ئىچىگە قايتىپ بېرىش ئېسىگە چۈشۈش بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپتۇ. باشقا تۇتىلار ئۇنىڭ ھالىغا قاتتىق ئېچىنىپ، قايتىپ كەتمەسلىكنى مەسلىھەت قىپتۇ. بۇ سۆزنى ئىشىتكەن تۇتى بىر ھازا ئويلىنىپ:

— ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق ياخشى ئىش ئەمەس. ماڭا شۇنداق بىر يول كۆرسىتىڭلاركى، مەن ھەم ئەركىنلىككە چىقاي، ھەم ۋەدىگە ۋاپا قىلغان بولاي،- دەپتۇ.

— خوپ، سەن بۇ ئاق ۋە قىزىل ئەنجۈر ئۇرۇقلىرىنى شاھىڭغا ئېلىپ بارغىن، شاھىڭ ساڭا ئۆز قولى بىلەن ئەركىنلىك بەرسە ئەجەب ئەمەس،- دەپتۇ ياشانغان بىر تۇتى.

تۇتى ئەنجۈر ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ شاھ ئالدىغا يېنىپ كەپتۇ. شاھ تۇتىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خوشال بولۇپتۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ بېغى ئىچىدە ئەركىن يۈرۈشكە قويۇپ بېرىپتۇ. شاھ باغۋەنلىرىگە ھېلىقى ئەنجۈر ئۇرۇقلىرىنى تەرگۈزۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئەنجۈر كۆچىتى ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ، ئاق-قىزىل ئەنجۈرلەر تەڭلا پىشىپتۇ. شاھ بۇ ئەنجۈرلەردىن تېتىپ باقماقچى بولۇپتۇ. شاھ باغۋەن ئېلىپ كىرگەن ئەنجۈرلەردىن بىرنى ئاغزىغا سالاي دەپ تۇرغان ئىكەن، ۋەزىر، شاھنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— سەۋر قىلىڭ شاھىم، ئاۋال باشقا بىرسىگە يېگۈزۈپ كۆرەيلى،- دەپتۇ.

پادىشا پەرمان قىلىپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان بىر مەھبۇسنى كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنى ئەنجۈر يېيىشكە بۇيرۇپتۇ. مەھبۇس ئەنجۈرنى يېگەن زامانلا ئازاپ چېكىپ ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھنىڭ غەزەپتىن كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپتۇ. ئەنجۈر ئۇرۇقىنى ئېلىپ كەلگەن تۇتى قۇشنى تۇتۇپ قەپەزگە سولاپ، زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ. ھېلىقى ئەنجۈر دەرىخى «ئەجەل دەرىخى» دەپ ئاتىلىپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا يېقىن كەلمەيدىغان بولۇپتۇ.

☆ ☆

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، زىنداندىن قاچقان بىر تۇتقۇن پادىشانىڭ نەۋكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپتۇ. بۇ تۇتقۇن ئىلگىرىمۇ زىنداندىن بىر قانچە قېتىم قاچقان ئىكەن. ئۇ، بۇ قېتىم پادىشانىڭ ئالدىغا بارسا ئۆزىگە ياخشى كۈن يوقلىقىنى ئويلاپ «ئەجەل دەرىخى» دەپ ئاتالغان ئەنجۈرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قىزىل ئەنجۈردىن بىرتال ئۈزۈپ يېگەن ئىكەن. شۇ زاماتلا ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆكۈلۈپ، ياش يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ. نەۋكەرلەر ئۇنى تونىيالماي ھەيران بوپتۇ. قاچقۇن ئالدىراپ ئاق ئەنجۈردىن يەنە بىرنى ئۈزۈپ يېگەن ئىكەن، يەنە بۇرۇنقى ئەسلىگە كېلىپ قاپتۇ.

نەۋكەرلەر قاچقۇننى پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ پادىشانىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— شاھىم! ئۇلۇشۇمدىن بۇرۇن بىر ھەقىقەتنى ئېيتىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز!- دەپتۇ.

— سوزلە!- دەپتۇ شاھ.

— ئەي، سەلتەنەتلىك شاھ، نەۋكەرلەر ئېلىپ كېلىۋاتقاندا ئۇلۇمگە رازى بولۇپ «ئەجەل دەرىخى» ئەنجۈرىنىڭ قىزىلىدىن يېگەن ئىدىم، ساقاللىرىم توكۇلۇپ ياپ-ياش يىگىتكە ئايلاندىم. ئولۇشنى ئىستەپ ئاق ئەنجۈردىن يېگەن ئىدىم، يەنە ئەسلىمگە قايتتىم، بۇ كارامەتتىن خەۋەردار بولۇڭ!- دەپتۇ.

شاھ نەۋكەرلىرىگە قىزىل، ئاق ئەنجۈرلەردىن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، ھېلىقى توتقۇنغا قىزىل ئەنجۈردىن يېگۈزگەن ئىكەن، ئۇ راستىنلا ياش يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. ئاق ئەنجۈردىن يېگۈزگەن ئىكەن يەنە ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپتۇ. شاھ، بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولۇپ، ۋەزىرىنى چاقىرىپ، نىمە ئۈچۈن ئىلگىركى مەھبۇس بۇ ئەنجۈرنى يېگەندە ئۆلگەنلىگىنى سوراپتۇ.

ۋەزىر تىترەپ، پادىشانىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ.

— ئىھ، ھورمەتلىك شاھىم،- دەپتۇ ۋەزىر،- مەن سىزنىڭ ۋاپادار توتى قۇشىنى تولىمۇ ياخشى كورۇشۇڭىزگە ھەسەت قىلغان ئىدىم. سىزنى توتى قۇشقا ئوچ قىلىپ، ئالدىڭىزدا ھورمىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇرماقچى بولۇپ، توتى قۇش ئېلىپ كەلگەن ئۇرۇقلاردىن ئۇنگەن خاسىيەتلىك ئەنجۈرگە زەھەر قوشۇپ، كوز ئالدىڭىزدا، مەھبۇسنى ئولتەرگەن ئىدىم.

پادىشانىڭ غەزىۋى كېلىپ، ۋەزىرىنى ئولۇمگە بۇيرۇپتۇ، توتى قۇشنى زىنداندىن ئالدۇرۇپ چىقىپ قويۇپ بېرىپتۇ. توتى قۇش ھاۋاغا كوتۇرۇلۇپ:

— شاھىم، مەن ساڭا ۋاپادارلىق بىلەن خىزمەت قىلدىم، لېكىن، سەن ئەتراپىڭدىكى مەككارلارنىڭ ئىشى بىلەن مېنى تېخىمۇ ئېغىر كۇنلەرگە قويۇپ، ۋاپاغا جاپا قىلدىڭ. خەير، ئەندى مەن ئوز يۇرتۇمدا، ئەركىنلىكتە ياشايمەن،- دەپتۇ-دە، قانات قېقىپ، يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

رەتلىگۈچى: ئوسمان سېلىم

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

(تارىخىي قوشاقلار)

## زۇلۇم توغرىسىدا

بەگلەرنىڭ ئېتى جەدە،
قۇيرۇغى كېلەر يەدە.
زالىم بەگلەر دەستىدە
كەمبەغەلگە كۈن نەدە.

سۇنى توشقىن دەيدۇ،
باي غوجامنىڭ ئانىسى.
بىزنى مۇنچە قىيىنما،
بىزمۇ خۇدانىڭ بالىسى.

مىلتىغىمنى بەتلىدىم،
قارا قۇشنى ئاتقىلى.
نىمشكىمۇ تۇغۇلدۇم،
جەبرى-زۇلۇم تارتقىلى.

قوغۇن تېرىدىم مەككە،
پىچىپ بېرىمەن بەگكە.
بەگنىڭ ئەلىمى ئوتتۇپ،
چولدە يۇرىمەن يەككە.

هاۋادا بۇلۇت ماڭسا،
يەرگە يامغۇر تامچىلار.
بەگنىڭ نامىنى ئاڭلاپ،
ئەسكە چۇشتى قامچىلار.

بېخىل بايدىن نەپ تەگمەس
مەندەك غېرىپ نادانغا.
ئۇن بېرىدۇ سىقىملاپ،
هورنان بولماس قازانغا.

هاۋانىڭ مانانىدىن،
قورقىمەن توزاڭىدىن.
دايى بىلەن توڭچى هەم
لويىنىڭ يامانىدىن.

راۋاپ چالسام خالىدا،
يىغلايدۇ قارا كوزۇم.
زالىم بەگلەر ئالدىدا
ئوتمەيدۇ مېنىڭ سوزۇم.

كېچىككىنە چۈجەمنى
بىر سا كېلىپ ئېپ كەتتى.
مېھرىبان شۇ ئاتامنى
شىك دۇبەن يۇتۇپ كەتتى.

قارىسام كورۇنمەيدۇ،
ئېتىمىزنىڭ تېرەكلىرى.
ئاچلىقتا بالام يىغلاپ،
ئەسنەيدۇ ئىڭەكلىرى.

ئاق كوينەكىنى دەيمۇ،
كوك كوينەكىنى دەيمۇ،
مەن ئىشلەيمەن تىنماستىن،
باينىڭ ئويىنىشىنى دەيمۇ؟

ئاسماندىكى ئاي ئىدىم،
يەرگە چۈشۈپ خار بولدۇم.
ئۆزەم ئىشلەپ تاپقانغا
ئىگە بولماي، زار بولدۇم.

بۈگۈن ئايغا ئۇن يەتتە،
ئايدىڭ بولماي تاڭ ئاتتى
يوقسىزچىلىق بەك قاتتىق،
باي قولىغا قاراتتى.

دوپپا كىيدىم بېشىمغا،
كىيگىنىمنى بىلمەيمەن.
زالىملارنىڭ قولىدا
قالغىنىمغا يىغلايمەن.

ياۋ سىلىك① كېلىپ يۇرتقا
قىچقاردى يالاڭ خالى.
سارغىيىپ سامان بولدى،
ھەر يەردە خەلق ھالى.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ھەمرىيىم-تۇمارىم بار.
خارلىقتا قالار دېمەن،
ياراتقان خۇدايىم بار

يىگىرمە ئىككى ياشىمدا،
كۆڭلەر چۈشتى باشىمغا.
دەردىمنى توكەي ئەندى
بىر تۇققان قېرىنداشىمغا.

مەن ئۆزەم نامرات ئوغۇل
بالىلىرىمنىڭ ئەگلى يوق.
ئاندا-ساندا ئۇن تىلەپ،
ئەلگەكنى تاپسام، تەگنە يوق.

چىرايىم زەپرەڭ بولدى،
كىشى سورىمايدۇ ھالىمنى.
بەگلەردە ھەقىقەت يوق،
ئاڭلىمايدۇ زارىمنى.

ئاتنى ساتمىسام بولماس،
دەرتنى تارتمىسام بولماس.
بالىلىرىم كىچىك تېخى
ئۇلارنى باقمىسام بولماس.

يېشىم ئوتتۇزغا يەتتى،
ئومرۇمنىڭ تېگى كەتتى.
بەش كۆنلۈك بۇ ئالەمدە
كىم مۇرادىغا يەتتى.

خان غوجام ئاتلىنىپتۇ،
ئالتۇن ئىزەڭگىنى تېپىپ.
بەندىلەر يىغلىشىدۇ
كوكسىنى يەرگە يېقىپ.

بۈگۈن ئون ئالتە كۈن بولدى،
قەلەندەرخانىدا ياتتۇق.
كۆلاھ بىلەن جەندىنى
قوساق ئېچىدا ساتتۇق.

جاپانى كىم تولا تارتسا،
كومۇرنى شۇ ئالۇر تاشتىن
بېشىم كەتتى بۇ ساۋادىن،
بۇ ساۋادا كەتمىدى باشتىن.

باياۋانغا ئاش تەردىم،
چورىسىگە ماش تەردىم.
خامانىنى بېرىپ قەرزگە،
ئېگىزلىقتا باش تەردىم.

①ياۋ—1938-يىللىرى ئىلىداسىلىك بولغان.

ئىگىز تاقتا قار ياغدى،
تۆزلەڭگە قاتتىق يامغۇر.
باي غوجاملار ياغ يىسە،
كەمبەغەللەر يەيدۇ چامغۇر.

قىلۋىدىن شامال چىقما،
ئۆشتۈلار قۇرۇق سوگەت.

مەلىدە يۇرۇپ بولماس،
قۇرۇق سوز، قۇرۇق توھمەت.

مەن ئۇزەم غېرىپ بەندە،
كېيگىنىم كۆلا-جەندە.
ماڭا كەلگەن بۇ دەرتنى،
كىملەر قىلدى بەخشەندە؟

## سىپىل قوشىغى

سۇلتان غوجام سورايدۇ،
سىپىل سوقىانلار نەلىك؟
بىز نىمە گۇنا قىلغان،
بىكار ياتىدۇ شەلىك.

سىپىل سوقىلى كەپتۇ
سەھرادىن قېرى- ياشلار.
دەرتلەرنى تولا تارتىپ،
ئاقاردى بىزنىڭ باشلار.

بىز سىپىلغا چىققاندا،
خۇدايىم ساقلىسۇن ئوقتىن.
ھەجەپمۇ قۇتۇلامىدۇق،
زۇلۇم بىلەن زورلۇقتىن.

يېڭى سوققان سىپىلنىڭ،
ئەتراپىدا چىق پوتەي.
سىپىل سوقۇپ خارلاندۇق،
ئادەم يامىنى دوتەي.

سىپىلنى سوقۇۋېتىپ،
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.
سىپىل زۇلمى دەستىدىن،
بەللەر مۇكچىيىپ كەتتى.

بىر قۇشۇم ئۇتتۇر كېلىپ،
قوندى سىپىلنىڭ بېشىغا.
جاڭجۇڭنىڭ نىمە كارى،
خەقنىڭ ئولۇپ-تىرىلىشىغا.

تېرەكلەر ئوسۇپ-ئوسۇپ،
چۈشتى سىپىلغا سايىسى.
سىپىلنى سوقماي دىسەك
ئۇرۇپ قىينار يايىسى،

سىپىلغا چىقىڭ باللار.
دۇمدۇمنى سوقۇڭ باللار.
يايىلار قوغلاپ كەلسە،
چالمىدا ئۇرۇڭ باللار.

قاسىم دىگەن داخەنزە،
سىپىل تۈۋىدە قالدى.
مىنىڭ يارىم خوخەنزە،
ئوز ۋەدىسىدە قالدى.

يېڭى ئاي چىقتى-
سىپىلنىڭ باشىغا.
ئەتىگىم تولدى،
كوزۇمنىڭ ياشىغا.

## مۇھەببەت قوشاقلىرى

ئاخشام بولسا ھەر ئويدە
چىراق كويەدۇ.
چىراق ئەمەس يارنىڭ ئوتى
يۈرەك كويەدۇ.

ئاق تىكەن گۈر- گۈر كويەدۇ
كوك تىكەنگە چارە يوق.
مەيلى بار ئوتتا كويەدۇ،
مەيلى يوقنىڭ كارى يوق.

يار بويىنى كورسەتتى،
ئىچىم ئوتقا تولۇپ كەتتى.
ئىشىق ئوتى يامانكەن،
يۈرەكنى كاۋاپ ئەتتى.

ھەجەپمۇ قارا بوپتۇ،
ئوسما بىلەن قېشىڭىز.
بىزنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
دەريا ياقىسى توڭلاپ.
يۈرۈگۈمگە ئوت كەتتى،
يارىم سىنى كوپ ئويلاپ.

تۈنۈگۈن بۇ چاغىڭدا
ئوت كويگەن ئوچاغىڭدا.
ئولسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
يار سىنىڭ ئوچاغىڭدا.

توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن زىيىردىن

## قازاق خەلق قوشاقلىرى

ساينى ساي ئاچلايدۇ يەلكىسىدىن،
قوينىڭ چىچەن بولۇشى سەركىسىدىن.
بابى كەلسە ئىتىڭ بەيگە، قۇشـۇڭ ئالماس،
خىيال—ئۇلۇغ، دىرەك بەرسە ئەتىسىدىن.

بۇ ئارال ئالمىلىق باغ-گۈزەل ئارال،
بۇ كولدە ئودەك بىلەن غاز باللار.
ئامەتنىڭ كەلمىگى تەس، كېتەر ئاسان،
كورەڭلىمەڭ تىزگىن سىرىپ بوز باللار.

ئىت قاۋسا ئىدىردىنمۇ ئاڭلىنىدۇ،
يولنى تېپىپ ماڭمىغانلار خارلىنىدۇ.
ھالال تەر، قاتتىق ئەمگەك مىۋە بەرسە،
روھنى خۇش قىلمىساڭ زارلىنىدۇ.

قۇەۇشقا مەن ئىتىمنى قويدۇم باغـلاپ،
يولداش بول ئوزەڭنى ھەم ئۇنى چاغلاپ.
تاپمساڭ ئادىمنى مۇڭـداشقىلى،
ئۇ، سىنى رەقىبىڭگە بېرەر باغلاپ.

يىگىتكە گۈزەل نەدە، ئويلىغاندەك،
ئەسكىنىڭ خۇيى ئەسكى تەپكـەك تايدەك.
مۇبادا ئەسكى بىلەن ھەمرا بولساڭ،
دىلدا ئوت ئوكسىمەمدۇ سۇ سەپكەندەك.

يايلاقنى ئويلاپ تاغلار ئېشىپ يۈردۈم،
يەلپۈنگەن گۈل-چىمەننى بىسىپ يۈردۈم.
ئوزەڭدەك خۇش پېئىلغا بولۇپ خۇشتار،
پەسكەشتىن بىزار بولۇپ قېچىپ يۈردۈم.

رەتلەپ، تەرجىمە قىلغۇچى: تولەپبېرگەن مىشىپبت

# خوٗنخاي مازار ۋە سەككاكى

سېيىت ئومەر

ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئېتىگىدە - خوٗنخاي غوٗلىنىڭ ئىچكىرىسىدە، ئوز ـەۋزىدە خېلى ھەشەمەتلىك سېلىنغان بىر گوٗمبەزلىك مازار بار. بوٗ مازار كىشىلەرگە خوٗنخاي مازار نامى بىلەن مەشھوٗر.

بىزنىڭ چوڭ ئاتىلىمىز بوۋىمىز باھاۋىدىن شەيخنىڭ ۋاقتىدىن بوٗيان بوٗ مازارنىڭ شەيخلىغىنى قىلىپ كەلگەن. مازارنىڭ ئوٗزوٗن يىللاردىن بىرىكى شەيخلىرى ۋە مازارنى يېىراق -يېقىندىن كېلىپ زىيارەت قىلغوٗچىلارنىڭ ھەممىسى خوٗنخاي مازارنى يوٗسوٗپ سەككاكىنىڭ مازىرى، دەپ تونوٗيدوٗ. چوڭ دادام ئىمىنجان باھاۋدوٗن تارىخقا قىزىققوٗچى كىشى بولوٗپ، نوٗرغوٗن تارىخىي خاتىرىلەرنى يازغان (مەرھوٗم يازغان 10 پارچىغا يېقىن تارىخىي خاتىرىلەرنى 1957- يىلى تارىخى ماتېرىياللارنى ئىزلەپ كەلگوٗچىلەر ئېلىپ كەتكەن، ھازىرغىچە ئوٗچوٗرى يوق.) ئوٗمۇ بوٗ مازارنى: يوٗسوٗپ سەككاكىنىڭ مازىرى، دەيتتى.

مەرىپەتپەرۋەر شائىر نەسوٗھادامۇللام 1820- يىلى خوٗنخايگە چىقىپ، بوٗ مازارنى زىيارەت قىلغاندا، مازارغا ئاتاپ:

خوٗنخاي مازارىغا مەن زار ئىدىم،
كىم زىيارەت ئەيلىسە، مەن يار ئىدىم.
ئەھلى ئوٗلوٗم، ئەھلى پەزىل، ئەھلى ئاشىق
قىلسا مەۋلانە سوزىن مەن جار ئىدىم.
يوٗسوٗپ سەككاكى قىزىل گوٗل بولسا،
مەن (گوياكى) بوٗلبوٗلى- شەيدا ئىدىم.
مىڭ ئوٗچيوٗز قىرىق سەنە بولدى نىسىپ،
تالىبان بىرلە كېلىپ مەن بىمار ئىدىم.
قىل دوٗئالارنى قوبوٗل،
مەن نەسوٗھ قوٗللار ئىچىدە خار ئىدىم.

دىگەن شېئىرنى يېزىپ، بوٗ مازارنىڭ يوٗسوٗپ سەككاكى مازىرى ئىكەنلىگىگە گوۋالىق بەرگەن.

تارىختا «سەككاكى» نامى بىلەن مەشھوٗر بولغان زات ئىككى. بىرى-سىراج-مىدىن ئەبوٗ ياقوٗپ يوٗسوٗپ ئىبىنى ئەبوٗ بەكرى ئەل خارەزمى-سەككاكى. «بوٗ- «موٗفتاھىل- ئولوٗم» («ئىلىملەر ئاچقوٗچى») دىگەن مەشھوٗر ئەسەرنىڭ ئاپتورى؛ بوٗ كىشى مىلادى 1160—1228- يىللىرى ياشىغان بولوٗپ، چە

تاي يېنىدا ئىلمىي مەسلىھەتچى ئىدى، ئاخىر، چىغتاي تەرىپىدىن جازالىنىپ، زىنداندائۆلگەن.»① يەنە بىرى- شائىر سەككاكى- «شائىر سەككاكى بولسا، تومۇرىلەردىن، ئۇلۇغ بەگ ۋاقتىدا (15- ئە- سىردە) ياشىغان ۋە ئەدىبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.»②

خۇنخـاي مازىـرى، زادى سەككاكىنىڭ مازىرىمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سەككاكىنىڭ مازىرى بـولسـا، ئۇ قايسى سەككاكىنىڭ مازىرى؟ بۇ مەسىلىدىن ئۇزىل-كېسىل، ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش ئۈچـۈن يە- نە نۇرغۇن ئىزلىنىشكە توغرى كېلىدۇ. خـۇنخاي مازىرىـنىڭ قاچان، كىملەر تـەرىپىدىن ياسال- غانلىقى توغرىسىدىمۇ قولىمىزدا كوپچىلىككە تەقدىم قىلغۇدەك ئېنىق مەلۇمات يوق. تـارىخ تەتقى- قاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان‌يولداشلار ئۈچۈن پايدىسى تېگەر، دىگەن ئۈمىت بىلەن، تۆۋەندە كېيىن- كى يىللاردا! بۇ مازار دائىرىسىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر قىسىم ئىشلار ئۈستىدە توختىلۇپ ئۆتىمەن.

x x x

مانجۇ خاندانلىقى شىنجاڭدا هاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، جەنۇبى ھەم شەرقى شىن- جاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئۇيغۇرلارنى كوچۇرۇپ چىقىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شـىمالى ۋە جـە- نۇبىدىكى تاغ غوللىرى-سۇ ئېقىنلىرىنىڭ بويىغائورۇنلاشتۇردى. هازىرقى چاپچال ناھىيىسى تـەۋەسى- دىكى 3 ئورۇننىڭ سۈيى ئەتراپىغا يەنى: خۇنخاي غولى سۈيى ئەتراپىغا 800 ئائىلە، قـايىنۇق سۇ- يى ئەتراپىغا 600 ئائىلە، دادامتو سۈيى ئەتراپىغا 500 ئائىلە، جەمـى 1900 ئويـلـۇك ئۇيغۇرلارنى بولدى.

خۇنخاي غولى ئەتراپىغا ماكانلاشقان دىخانلار دوڭ مەھەللە، سالدات، دولاتا، چوڭ بـوغـۇر كىچىك بۇغۇر، سوپۇم بولاق، قۆلىغا مەھەللە، خۇنخاي قاتارلىق 8يېزىنى بەرپا قىلىپ، ئابـدۇسات- تار، سېتىۋالدى، سادىق، غاپپار ھەم دولاتا ناملىرىدىكى 5 چوڭ ئۆستەڭنى چېپىپ، بۇ ئەتـراپـنى مۇنبەت‌ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇردى.

خونخاي— غولنىڭ نامى بولۇپ، «خۇنخاي مازار»ى مۇشۇ غولنىڭ ئاغزىغا قۇرۇلغان 8 يۇرت- نىڭ يۇقۇرىسىدىكى ئېگىز دوڭلۇك ئۈستىگە جايلاشقان. بۇ ئېگىزلىككە سۇ چىقمايتتى. شۇڭا، ئۇ مەز- گىلدە بۇ يەرگە ئانچە كوپ ئائىلە ئورۇنلىشالمىدى. كەلگەن زىيارەتچىلـەرنىڭ تولىسى مازارنى زى- يارەت قىلىپ بولۇپ، تۆۋەنكى مەھەللىلەرگەچۈشۈپ تۇرۇشاتتى.

1864- يىلى چارۇسىيە ئىلىغا قوشۇن كىرگۈزۈپ، ئىلى خەلقىنىڭ مانجۇ خاندانلىقىنىڭ زۇلمى- غا قارشى كۆرىشىنىڭ مېۋىسىگە چاڭگال سالدى. 1881- يىلدىكى شەرتنامە بويىچە ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، بۇ يەردىكى خەلقلەرنى يەتتە سۇغا كوچۇردى. خۇنخاي باغرى- غا جايلاشقان 8 يۇرتنىڭ خەلقىمۇ «كوچ-كوچ» جۇدالىقىدىن ئامان قالمىدى.

خەلق تاشلىنىپ قالغان بۇ مازارنى ئەستىن چىقىرىشمىدى. ئاخىرىدا، ئىككى هوكۈمەت تـەۋە- لىكىدىكى كىشىلەر ئۆز هوكۈمەتلىرىگە: «مازارنى رېمونت قىلىش، زىيارەتنى يـولغا قـويۇش، مـۇقىم شەيخ تۇرغۇزۇش» توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. مانجۇ ھوكۇمىتى خەلقنىڭ بۇ تەلىپىگە «مـازارغا كـو- چۈپ كەلگۈچىلەر سۇ ئېقىتىپ، يەر تېرىمايدۇ» دىگەن شەرت بىلەن قوشۇلدى.

1911- يىلى غۇلجا شەھرىدىن: باھاۋدۇن، ئەيتقۇل هاجى؛ ئارا ئۆستەڭدىن: ئىسلام باقى؛ جا-

①②ئىمىن تۇرسۇن «ئەدىبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز»

غىستايىدىن: ھىدايەت، نۇراخۇن، مەنسۇر، تۇردى باقى، ئىنايەت؛ يەركەتتىن: شېرۋاخۇن، ئابدۇرېھىم ئاخۇن؛ غالجاتتىن: غىياسىدىن، لەس ئاخۇن، بەراخۇن، ھامۇت ئاخۇنلار بولۇپ جەمئى 14 ئۆيلۈك كىشى خۇنخاي مازىرى بار دۆڭلۈككە كېلىپ، ئۆي-ئىمارەت سېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇ يىلى، يەركەتتىن ۋېلى باينىڭ بىر قىسىم خىراجەتنى كۆتۈرۈشى، ئىلىدىكى مەنسۇر ئەلەم موللا ناسىر ئەلەم ئوغلى تاپشۇرغان خەلق ھەدىيە قىلغان پۇللىرى بىلەن مازار چوڭ رېمونت قىلىپ ياسىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەتتە سۇ ۋە ئىلى تاۋاپچىلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى.

كوچۇپ كېلىپ ماكانلاشقان شەيخلەر ئاتا-بوۋىلىرى چاپقان ئۆستەڭ سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار ئاچقان تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىدا دېھقانچىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى يۇقۇرىدىكى شەرت بويىچە تەلەپنى قوبۇل قىلمىدى. كېيىندىن كوچۇپ كەلگۈچىلەر ئۆز ئۆيلىرىنىڭ ئاستىدىكى خۇنخاي سۈيىدىن سۇ توشۇپ ئىچتى. تۇرمۇشنى زىيارەتچىلەرنىڭ ھەدىيەسى ۋە تاغدىن قارىغاي كېسىپ، توۋەنكى يۇرتلارغا ئاپىرىپ سېتىپ قىلغان كىرىمى بىلەن ئىنتايىن غۇربەتچىلىكتە ئوتكۇزدى.

1916- يىلدىن 1937- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يەتتە سۇ تەۋەسىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار يەنە كوچۇپ چىقىپ، مازار ئەتراپى كېڭىيىپ 300 ئۆيلۈككە يەتتى. تېرىلغۇيەر بېرىلمىگەچكە، بۇئادەملەر ئوۋچىلىق قىلىش ئۈچۈن شىۋەلەردىن، چارۋىچىلىق قىلىش ئۈچۈن مۇڭغۇللاردىن يەر ئىجارىگە ئېلىپ، بىنەملىك ئېچىپ كۈن كوچۇردى ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. مىچىت، مەدرىس، پەننى مەكتەپ، كولۇپلارنى سېلىپ، ئىلىم-پەن ئىشلىرىنى يولغا قويدى. خەلق ئىچىدە تەسىرى بار كىشىلەردىن: تارىخچى ئىمىنجان باھاۋدۇن، مەشھۇر ھاپىز ئابزەر خەلپە، خەلق قوشاقچىسى ئاۋسىمان ئوخشاش شەخسلەر ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

شىڭ شىسەي ئىنقىلاپتىن يۈز ئورۇپ، تېرورلۇق سىياسەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇ، چىگرا بويىدىكى بۇ مازارلىقلارنىڭ تاقىقا چىقىپ ياغاچ كېسىش، يىراق-يېقىنغا بېرىپ تىجارەت قىلىش ئىشلىرىدىن گۇمانلاندى. بۇ يەردە ساقچى ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، بىگۇنا خەلقنى تۇركۈملەپ قولغا ئالدى. خەلق كۈن كوچۈرۈشكە ئىلاجىسىز قىلىپ، تېكەس، مۇڭغۇلكۈرە ۋە غۇلجا شەھرى قاتارلىق ئورۇنلارغا كوچۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

1943- يىلى قىشتا رېياكسىيون ھوكۇمەت يېزىدا قېلىپ قالغان ئاھالىگە: „3 كۈن ئىچىدە كوچۇپ چىقىپ كەتمىگۈچىلەرنىڭ مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.“ دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قەھرىتان سوغدا خەلقنى مەجبۇرى كوچۇرۇپ، سەرگەردان قىلدى. خۇنخاي مازىرىدىكى بۇ ئاۋات مەھەللە خارابىلىققا ئايلاندى.

1947- يىلدىن باشلاپ، ھەر قايسى يەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بىر قىسىم خۇنخاي مازارلىقلار ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا باشلاپ، خۇنخاي غولى باغرىدىكى تاشلىنىپ قالغان دوڭ مەھەللە، بۇغرا دىگەن يېزىلارنى قايتا قۇرۇشقا باشلىدى... ئازاتلىقتىن كېيىنكى ئىشلار كوپچىلىككە مەلۇم بولغاچقا بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمەن.

# ئورخۇن دولىتى ۋە ئۇنىڭ بەدىئى ئوبرازى

شەرىپىدىن ئۆمەر

«خەلقنىڭ تارىخىنى بىلىش ناھايىتى زورۇر، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىجتىمائى سىياسىسىنى بىلىشمۇ مۇھىمدۇر. مەدىنىيەت تارىخىنىڭ ئالىملىرى بولغان ئېتنوگىرافلار: خەلقنىڭ پىكرى چۆچەكلەردە، ئەفسانە- رىۋايەتلەردە، ماقال - تەمسىللەردە ئىپادە قىلىنىدۇ دېيىشىدۇ»①

تارىختا ئۇيغۇر ئورخۇن دولىتى توغرىسىدا ئىككى رىۋايەت قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى «بۇكۇخان توغرىسىدا رىۋايەت» ئىككىنچىسى «كوچ» رىۋايىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىرىنچى رىۋايەت ئۇيغۇر ئورخۇن دولىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرىنى ئىپادىلىسە؛ ئىككىنچىسى، ئورخۇن دولىتىنىڭ سىياسى ئىجتىمائى ۋە تەبىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا خانى - ۋەيران بولغان تەغدىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنى جۇڭگو يىل نامىلىرىدا ئۇز دەۋرلىرىگە قاراپ خىلمۇ - خىل ئاتالغۇلار بىلەن: دىڭلىڭ، تېلى، چىلى، گاۋچې (ئېگىز ھارۋىلىقلار)، خۇيخى، ۋېخى، ۋېيۋۇر دەپ ئاتاپ كېلىشتى. تۈركى تىلىدا بولسا «تورالار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەنە شۇ تورالار مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئاۋال قەبىلىلەر بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت ئىدى. تورالار ھون ئىمپىراتورى دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-3- ئەسەرلەردە) ھون ئىتتىپاقىغا كىرگەن. (مىلادىدىن 72 يىل بۇرۇن ئۇلار ئىسيان كوتۇرۇپ ھون ئىتتىپاقىدىن چىقىپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ بولغان.)

مىلادى 2- ئەسىردە ئورتا ئاسىيادا سىياسى كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان سىيانپى خانلىقى تەركىبىگە كىرگەن.

5- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئورتا ئاسىيادا ناھايىتى زور سىياسى كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن جورجانلار (ئاۋار تورۇكلىرى) تورالارنى ئوزىگە بويسۇندۇرغان.

5- ئەسىرنىڭ 2- يېرىمىدا، تورالار جورجانلار بىلەن بولغان جەڭلەردە ئىككىگە بولۇنۇپ كەتتى. بىر بولىكى شىمالغا يۈرۈپ ئورخۇن دەرياسىنىڭ سىلىنگا بويلىرىغا بېرىپ جايلاشقان بولسا، يەنە بىر قىسمى ئالتاي، تىيانشان ئەتراپىدا قالدى. نەتىجىدە: بايقال كولىنىڭ جەنۇبى، مۇڭغۇلىستاننىڭ تۇغلا، ئورخۇن دەريا بويلىرىدىن تارتىپ ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقى قىسمىغا قەدەر بولغان جايلاردا ياشىغانلىرى شەرقى تورالار، ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىي قىسمىغا، ئىلى دەريا ۋادىسى، بالقاش كولى، ئورال دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان جايلاردا ياشىغانلىرى غەربى تورالار دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

«ۋېي يىل نامىسى ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»، «جەنۇبى چى يىلنامىسى جورجانلار ھەققىدە قىسسە» باپلىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا: 487- يىلى شەرقى تورالارنىڭ بىر قىسمى بوروكلى قەبىلىسىنىڭ باشلىغى ئاي ئوجرو جۇڭ-

① م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا» ئۇيغۇرچە 2- توم 400- بەت.

گو يىل ئاماملىرىدىكى «ئىگىز ھارۋىلىقلار» خانلىقىنى قۇرۇپ، جورجانلار قارمىقىدىن ئىسيان كوتۇرۇپ چىقىپ جوڭغار دالاسىغا كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا 120 مىڭغا يېقىن ئائىلە (تەخمىنەن ئالتە يۈز مىڭ كىشى) بار ئىدى. جورجان خاقانى تۇلون ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ناغاي خانلار قوشۇن تارتىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى ئاي ئوجرو خانلىقى تار - مار قىلغان ئىدى. بۇ خانلىق 60 يىل ھوكۇم سۈرگەن بولۇپ، چېگرىسى شىمالى جەنۇبىدا ئالتاي؛ غەربىدە سايرام كولىنىڭ بويىغىچە؛ جەنۇبىدا كېنگىت (قارا شەھەر) پىشانشان (لوپنور)، چەرچەن. كىرورەن (چاقىلىق) قىچە سوزۇلغان ئىدى. بۇ خانلىق ھوكۇم سۈرۈۋاتقان چاغدا، خوتەندىن تارتىپ قارا شەھەرنىڭ غەربىگىچە بولغان خانلىقلارنى «ئىپتالىستلار» (تارىخدا ئاق ھونلار، سكىپلار مۇدەپ ئاتىلىدۇ) بېسىپ ئالغان ئىدى. بۇ ياش ئۇيغۇر دولىتى ئەندى قارا شەھەر ئەتراپىدا ئىپتالىسلار بىلەن، چەرچەن چاقىلىق ئەتراپىدا توبوتىلىكلەر بىلەن، شىمالىدا جورجانلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز جەڭ قىلىپ تۇراتتى.

بۇ چاغدا، ئومۇمەن شەرقى تورالار ئىتتىپاقىدا: ئۇيغۇر، سورتاردوش، قالپاق، توبا، قورقان، ئىملەنفون، بۇكۇ، بايىرغو، توگىنرا، خون، ئىزگىل، خوغورسۇ، قومۇق، ئارىز (بارتولد—ئازىس) قاتارلىق قەبىلىلەر بار ئىدى.

5- ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، ئالتاي تۇرۇكلىرى (كوك تۈركلەر) باش كوتۇرۇپ، تورالار ئىتتىپاقىدىكى ئالتاي تاغلىرىدا ياشايدىغان سورتاردوشلارنى بويسۇندۇرۇپ، 546- يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ئاي ئوجرونى تار - مار قىلىپ ئوزىگە بويسۇندۇردى. مانا شۇ ئۇيغۇر كوچلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، جورجان خانلىقى ئايناغاينى 551- يىلى تار - مار كەلتۇرۇپ، تارىختا مەشھۇر بۈيۈك «كوك تۇرۇك» دولىتىنى قۇردى. بۇ دولەت قارمىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بولغان شەرقى - غەربى تورالار ئاساسى كۈچ سۈپىتىدە رول ئويناپ، دۇنياغا داڭلىق كوك تۈرۈك مەدەنىيىتىنى ياراتتى.

«شىمالى جو يىلنامىسى تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «تاڭ يىلنامىسى تۇرۇكلەر ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا: مىلادى 600- يىللىرى «كوك تۈرك» خاقانلىقىنىڭ خاقانلىرى- تومەن خان، ئىستىمى خاننىڭ ئەۋرىلىرى ئارىسىدا خانلىق تالىشىپ «كوك تۈرك» خانلىقى، شەرقى ۋە غەربى خاقانلىققا بولۇنۇپ كەتتى. شەرقى تورك خاقانلىقىنىڭ مەركىزى موڭغۇلىيىدىكى ئۆتوكۈن تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ئىدى. مانا بۇ قولايلىق شارائىتتىن پايدىلانغان تاڭ ئىمپىرىيەسى (618- 907) 630- يىلى شەرق تۈرك خاقانلىقىنى تار - مار قىلدى.

«تاڭ يىلنامىسى سورتاردوشلار ھەققىدە قىسسە»، «تاڭ يىلنامىسى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەرقى تۈرك خاقانلىقى ھالاك بولۇش ھارپىسىدا (628- يىلى) شەرقى تورالار ئىچىدىكى سورتاردوشلار موڭغۇلىستاندا ئوز خانلىقىنى قۇرۇپ، شەرقى تۈرك خاقانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققان ئىدى. تاڭ ئىمپىرىيەسى 630- يىلى شەرق تۈرك خانلىقىنى تار - مارقىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىنى ئېلىپ، 646- يىلى سورتاردوش خاقانلىقىنى يوقاتتى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تومىد ئۇلۇغ ئىلتەبىر (646- 648) ئۇيغۇر ئوردخۇن خانلىقىنى تىكلىدى. شۇندىن باشلاپ «ئۇيغۇر» دىگەن نام پۈتۈن شەرق تورالىرىنىڭ ئومۇمى نامى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تومىد ئۇلۇغ ئىلتەبىر ئۇيغۇر خاقانلىقىنى ياراتقۇچى، ئۇيغۇر ئوردخۇن خا-

قاالىغىنى ياراتقۇچى شەخس بولۇپ تونۇلدى.
«كونا تاڭ يىلنامىسى› ئۇيغۇرلار ھەققىدە
قىسسە»، «تاڭ يارلىقلار توپلىمى»، «ئۇيغۇر بىلگە
خاقان يادىكارلىقى»، «توققۇز ئۇيغۇر خاقانلىقى
يادىكارلىقى» قاتارلىق تارىخى ھوججەتلەردىكى
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تارى-
خىنى مۇنداق باسقۇچقا بولۇش مۇمكىن:
1- مىلادى 646- يىلى ئۇيغۇر خاقانلىقى
ۋۇ جۇتقا كىلىشىدىن باشلاپ، 745- يىلغىچە بولغان يوزيى-
لىنى ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ.
2- پۈتۈن ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىدا ئوتكەن 22
خاقاننىڭ ئىچىدىكى قۇتلۇق بىلىگى كول خاقان تە-
ختكە ئولتۇرغان مەزگىلدىن 820- يىل-
غىچە بولغان 80 يىلنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.
قۇتلۇق بىلىگى كول خاقان چىن زون خا-
قاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ، ئورخون ئۇيغۇر خا-
قانلىرىنىڭ توققۇزىنچىسى ئىدى. ئۇ 747- يىل-
غىچە تەختتە ئولتۇرغان.
ئۇيغۇر ئورخۇن دولىتى قۇتلۇق بىلىگى كول
خاقان ھاكىمىيەت بىشىغا چىققاندىن باشلاپ،
كۈندىن - كۈنگە كوچىيىپ، قۇدرەتلىك مەدەنى-
يەتلىك دولەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. قوتلۇق
بىلىگى كول خاقان 681- يىلى كوك تۈرك خا-
قانى قۇتلۇق ئىلتىرىش (خەلقنى تىرىلدۈرگۈ-
چى) قىيىنى ئاتىسى دانىشمەن تونيوقۇننىڭ مەس-
لىھىتى بىلەن تاڭ ئىمپىرىيىسىگە ئىسيان كوتۈ-
رۈپ، ئىككىنچى قىتىم شەرقى تۈرك خاقانلىقى-
نى قۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنى ئوزىگە
بويسۇندۇرغان 744- يىلىدىكى تۈرك
خاقانى بولمىشخاننى ئولتۇرۇپ، تۈرك خاقانلى-
قىنى ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قوشۇپ ئالدى. بۇچاغ-
دا بۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ چىگرىسى شەرقتە
ھازىرقى چوڭ ھىنگان تاغلىرى ئىتەكلىرىگىچە،
شىمالدا بايقال كولى، يەنسەي دەريا-
سىنىڭ يۇقۇرى ئىقىنلىرىغىچە، غەرپتە

ئالتاي، يەتتەسۇ؛ جەنۇبتا سەددىچىنى
سىپىلىغىچە سوزۇلغان ئىدى. بۇ چاغدا ئالتاي-
دىن تارتىپ، بالقاش كوللىرىنىڭ بويىدا ياشى-
غان قارلۇقلار، ئالتاينىڭ غەربى - جەنۇبىدىكى
باسمىللار، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئىقىمىدا
ياشايدىغان قىرغىزلار، ھىنگان تاغلىرى ئەترا-
پىدىكى قومۇقلار، قىتاي (كىدان) لار، شىۋەلەر
ئۇيغۇر خاقانلىقى تەركىبىگە كىرەتتى. 747- يى-
لى قوتلۇق بىلىگى كول خاقان ئالەمدىن ئوت-
تى. ئورنىغا ئوغلى بايانچۇر «ئىلخاقان» ئۇنۋانى
بىلەن خاقان بولدى. 759- يىلى بايانچۇر ئا-
لەمدىن ئوتۈپ، ئورنىغا ئوغلى بوكوخان «ئىل
تىكىن» ئۇنۋان بىلەن خاقان بولدى. مانا مۇشۇ
خاقانلىقلار دەۋرىدە ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى
راسا قۇدرەت تاپقان مەزگىللەر ئىدى. بوكو-
خان رىۋايىتى ئۇيغۇر ئورخۇن دولىتىنىڭ مۇشۇ
دەۋرىنى خەلق ئەدىبىياتىنىڭ ئوزىگەخاس ئەن-
ئەنىسى بويىچە، ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمى تورى بول-
غان رىۋايەتلەرگە خاس بەدىى شەكىل ئارقىلىق،
بەدىى ئوبرازلار بىلەن ئەكىس ئەتتۈرىدۇ.
توتىمىزىم ئىلمىنتلىرى روشەن ساقلانغان،
شامانىزىم تۈسىنى ئالغان بۇ رىۋايەتتە بوكوخانى-
نىڭ تەختكە چىقىشىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:«...
قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئىقىپ چىقىدىغان تۇغلا،
سىلىنگا دەريالىرىنىڭ قويۇلغان جايىدا «قوم-
لانچۇ» دىگەن يەر بار ئىكەن. شۇ يەردە بىر-
بىرىگە يانداشىپ ئوسكەن ئىككى توپ دەرەخ بو-
لۇپ، بۇنىڭ نامى فىتوخا ئىكەن. ئۇنىڭ تۇرقى
قارىغايغا ئوخشاپ كىتىدىكەن، ئارچىدەك كوكى-
رىپ تۇرىدىكەن، قارىغايدەك پۇختا ئىكەن. يە-
نە بىرى ياۋا قارىغاي ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرى-
دە مانا شۇ ئىككى توپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇش-
تۇمتۇتلا بىر كىچىك دوڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ.
ۋاقىت ئوتكەنسىرى بۇ دوڭ ئىگىزلەشكە باشلاپ-
تۇ. بۇ دوڭنىڭ ئۇستىدە تاڭ ئاتقىچە شام يو-

رۇپ تۇرىدىغان بولۇپتۇ. ئۇيغۇرلار دوڭنىڭ ئالدىغا
كېلىپ، ھورمەت بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان
بولۇپتۇ. دوڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ناخشا ئېيتقان-
دەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەر كېچە
ئەھۋال شۇنداق بولىدىكەن. شام بارغانسېرى
چاقناپ، ئوتتۇز قەدەم ئەتراپىنى يورۇتۇپ تۇرۇ-
دىغان بولۇپتۇ... دوڭدىن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشىك
ئېچىلىپتۇ. ئىچىدە خۇددى ئوتاۋغا ئوخشاپ كې-
تىدىغان بەش ئوي كورۇنۇپتۇ. ھەر بىر ئويگە
كۇمۇچ سەگەنچۇكلەر ئېسىلغان بولۇپ، سەگەن-
چۇكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن ئوغۇل بوۋاق ئول-
تۇرغانلىقى كورۇنۇپتۇ. بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا ئې-
مىزگىنىڭ بارلىقىمۇ روشەن كورۇنۇپتۇ. قەبىلە-
لەرنىڭ ئاتامانلىرى بۇ ئاجايىپ بوۋاقلارنى كو-
رۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشىپ، ئۇلارغا قاراپ
ھورمەت بىلەن تازىم قىلىشىپتۇ. بۇ
بوۋاقلار ھاۋا بىلەن ئۇچراشقان زامان ھەرىكەت-
لىنىپ ئويدىن تالاغا چىقىپتۇ. بۇنى كورگەن
ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىگە مەخسۇس ئىنىگە
ئانىلار تەييارلاپ تەربىيىگە ئېلىپتۇ. ئۇلارنىڭ تى-
لى چىققاندا، ئۇلاردىن كىشىلەر ئاتا - ئانىسىنى
سورۇشتۇرگەندە، ھېلىقى ئىككى تۇپ دەرەخنى كور-
سىتىشىپتۇ. ئۇ بەش ئوغۇل ھېلىقى دەرەخلەرگە
چوقۇنغاندا، دەرەخلەر زۇۋانغا كېلىپ ئۇ-
لارنىڭ ئەخلاق پەزىلەتلىك بولۇپ ئوسۇشى توغ-
رىسىدا ۋەسىيەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۇ ياشى-
شىنى تىلەپتۇ، بۇ جايدىكى كىشىلەر بۇئوغۇللارغا
خانلارغا ئېتائەت قىلغاندەك بويسۇنۇپتۇ: بۇ بەش ئو-
غۇلنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شوڭقارتېكىن، ئىك-
كىنچىسىنىڭ ئىسمى قوتچۇرتېكىن، ئۈچىنچىسىنىڭ
ئىسمى بوقاتېكىن، توتىنچىسىنىڭ ئىسمى ئورتې-
كىن، بەشىنچىسىنىڭ بوكوتېكىن ئىكەن.
ئۇيغۇرلار، بۇ ئوغۇللارنى ئەگرى ئاتا قىلغانلى-
قى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى خاقان قى-
لىشنى قارار قىلىشىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بوكو-
تېكىن ھەممىدىن چىرايلىق، ئەقىللىق، تالانت-
لىق بولۇپ، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى مۇكەم-
مەل بىلىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بو-
كوتېكىننى خاقان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېتائەت قى-
لىدىكەن»

رىۋايەتتىكى بۇ پارچىنى ھەقىقى تارىخى
پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر ئورخۇن
دولىتىنىڭ ئورنى «قارا قورۇم تاغلىرىدىن ئې-
قىپ چىققان توغلا، سىلىنگا دەريالىرىنىڭ قو-
يۇلغان جايى...» ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتىقا-
دىدا ساقلانغان توتېمىزىم- ئۇلارنىڭ ئاتا - ئا-
نىسى ھېلىقى ئىككى دەرەخ. شامانىزىم- دوڭ
ئۈستىدە چاقنىغان نۇر ۋە باللارنى تەگرى ئا-
تا قىلغان. ئورخون دولىتىنىڭ ئىجتىمائى تۈ-
زۈمى- قەبىلە ئاتامانلىرى بىرلەشمىسى. فېئودال-
لىق خاندانلىق نەسەپنامە- «بەش ئوغۇل» ئۇ-
نىڭ ئىچىدە بايانچور خاقانىنىڭ كىچىك ئوغلى
بولغان بوكوخان ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ...» قا-
تارلىق رىئال ھەقىقەتلەر رىۋايەتتە قىزىقارلىق ئو-
برازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. رىۋايەتتە كور-
سىتىلگىنىدەك، بايانچور خاقانىنىڭ ئەمەلىيەتتە
بەش ئوغلى بار ئىدى؛ ئۇلار: يابغوتېكىن، قوت-
چۇرتېكىن، ياغلاقارتېكىن، تۇنباغا، بوكوتېكىن
(ئىدىقۇد) لاردىن ئىبارەت ئىدى. رىۋايەتتە بۇ
ئەھۋالمۇ ئەينەن ئىنكاس ئېتىلگەن.

ئۇيغۇر ئورخون خاقانلىقىنىڭ قۇدرەتكە تو-
لۇپ، گۈللەنگەن پەيتلىرىنىڭ بىر پەللىسى خا-
قان بايانچۇر (ياكى مويۇنچۇر) ۋە
ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى بوكوخان (759-
780) لەر ھوكۇم سۈرگەن دەۋرلەرگە توغرى كې-
لىدۇ. رىۋايەتتە «پەرى قىز بىلەن 7يىل 6 ئاي
22 كۈن سوزلەشكەن...»، «بالاساغۇن شەھرى-
نى بىنا قىلىپ، ئون ئىككى يىل ئىچىدە كوپ
ئەللەرنى ئېلىپ...» دىگەن جۈملىلەر بار. رىۋا-
يەتتىكى يىللارنى ھېساپلىغاندا يىگىرمە يىل بو-

لىدۇ. بوكوخان ھەقىقەتەنمۇ 20 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ ھوكۇم سۇرگەن.

رىۋايەتتە بوكوخان ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەربى يۇرۇشلىرىنى تەسۋىرلەپ: «ئاكىسى شوڭقار تېكىن قىرغىزلار ئېلىگە، قوتچورتېكىن تاڭغۇتلار ئولكىسىگە، بوقاتېكىن جۇڭگوغا، ئوزى غەربكە يۇرۇش قىلغانلىقى» ئېيتىلغان.

بۇ ئەھۋاللارنى تارىخى پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا مۇنداق بولىدۇ: ئۇيغۇر ئورخون دولىتى قۇرۇلغان چاغلاردا تاڭ ئىمپېرىيەسى راسا قۇدرەتكە تولغان ئىدى، ئۇيغۇر ئورخون دولىتى بىلەن سودا ئالاقىسى بولۇپ خېلىلا ئېناق ئىدى. 747- يىلى قۇتلۇق بىلگىكول خاقان ئالەمدىن ئوتۇپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى بايانچور «ئىل خاقان» ئۇنۋانى بىلەن خاقان بولدى. بۇ چاغدا تاڭ ئىمپېرىيەسى تاشقى، ئىچكى جەھەتتىن ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالغا دوچ كەلدى. 751- يىلى، تاڭ قوماندانى گاۋشەنزى تالاس بويىدا ئەرەپلەر بىلەن ئورتا ئاسىيانى تالىشىپ ئۇرۇشقاندا، ئەرەپ قوماندانى زىياد ئىبنى سالىخ ئۇنىڭ 60 مىڭ ئارمىيەسىنى ئۇزۇل - كېسىل تار - مار قىلغان ئىدى. بۇ ئېغىر يارا تېخى ئەسلىگە كەلمەي تۇرۇپلا، 755- يىلى ناھايىتى كۇچلۇك ئىچكى ئىسيانغا دوچ كەلدى. تاڭ پادىشاسى تاڭ شۈەنزوڭ زامانىسىدا چىرىكلىشىشكە باشلىدى. خان ياڭ گوۋايپى دىگەن گۇزەل خانىشى بىلەن ئەيشى ئەشرەتكە بېرىلىپ كېتىپ، دولەت ئىشلىرىنى خانىشىنىڭ ئاكىسى باش ۋەزىر ياڭگوجوڭغا تاپشۇردى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خېبى، شەنشىنىڭ شىمالى چېگرىسىدا مۇداپىئەدە تۇرغان تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ئەنلۇشەن (ئەسلى كېلىپ چىقىشى تۇرك-غوز) خاقان بولۇش نىيىتىدە 755- يىلى ئىسيان كوتەردى. ئىسيانچى قوشۇنلارنىڭ تەركىۋى دىگىدەك تۇرك (غوز)، قومۇق، قىتان (كىدان)، شىۋە، قاتارلىق خەلقلەردىن ئىدى. ئۇلار ئىنتايىن جەڭگىۋار، جۇشقۇن ئىدى. ئەنلۇشەنگە خېبىدىكى تاڭ سەركەردىلىرىدىن بولغان سى سىمىنمۇ قوشۇلۇپ كەتتى. ئەنلۇشەن 150 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى ئېلىپ، خېبىدىن باشلاپ چاڭئەننىڭ تۇۋىگىچە دىگەن جايغا كەلگىچە قارشىلىق كورسەتكەن تاڭ قوشۇنلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ، تاڭنىڭ شەرقى پايتەختى لوياڭنى بېسىۋالدى. ئەنلۇشەن يەنە بىر پايتەختنى قوغداۋاتقان تاڭ سەركەردىسى قوشۇخان (كېلىپ چىقىشى قارلۇق) بىلەن شىددەتلىك قانلىق جەڭ قىلىپ چاڭئەننىمۇ بېسىۋالدى. تاڭ پادىشاسى شۈەنزوڭ ئالدىراپ تېنەپ سىچۈەندىن چىڭدوغا قېچىپ كەتتى. مانا شۇنداق ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا تاڭ شاھزادىسى لى خىڭ (تاڭ شاۋزوڭ) لىڭۋۇ(ھازىرقى نىڭشا)دا ئوزىنى تاڭ پادىشاسى ، دەپ جاكالاپ ۋەزىيەتنى ئوڭشىماق بولدى. 757 - يىلى ئىسيانچىلار ئارىسىدا جىدەل چىقىپ، ئەنلۇشەننى ئوغلى ئەنچىڭشۇي ئولتۇردى. سى سىمىن ئەنجىڭشۇيگە بوي سۇنمىدى. بۇ ئەھۋال تاڭشاۋزوڭغا پايدىلىق ئىدى. مانا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 757 - يىلى تاڭشاۋزوڭ تاڭ سەركەردىسى گوزىيى باشچىلىقىدا ، ئۇيغۇر بوكۇخەيىن ھەمرالىقىدا بىر ئەلچى ئومىكى ئورخون ئۇيغۇر خاقانى بايانچور ئالدىغا كەلدى. شەپقەتلىك خاقاننىڭ ماقۇللىقىغا ئېرىشتى. 757 - يىلى كېلىشىم بويىچە، بايانچور ئوغلى يابغۇتېكىننى زور كۇچ بىلەن ئەۋەتتى، ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى يابغوتىكىننىڭ رەھبەرلىكىدە لوياڭ، چاڭئەنلەرنى ئىسيانچىلاردىن تازىلىدى. تاڭ ھوكۇمرانلىرى توختامغا بىنائەن ئورخون خاقانلىقىغا ھەر يىلى يىگىرمە مىڭ توپ تاۋار- دوردۇن ئەۋەتىپ تۇرى

دىغان بولدى. ئات سودىسى توختامىنى تۈز-
دى. بۇ ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىش مەجبۇرىيىتى
ئۈچۈن تاڭشاۋزۇڭنىڭ قىزى مەلىكە نىڭگونى
(759 - يىلى) خاقان بايانچورغا ياتلىق قىلدى.
759 - يىلى سى‌سىمىن ئەنجىڭشۇنى ئولتۇ-
رۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى تېزگىنلەپ ئالدى،
ئۇزۇن ئۆتمەي سى‌سىمىن ئوغلى سىجاۋيى تەرى-
پىدىن ئولتۈرۈلدى. سىجاۋيى ئۆزىنى سېرىق پا-
دىشاھ دەپ جاكالاپ، تاڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ، لو-
ياڭنى بېسىۋالدى.
759 - يىلى بايانچۇر ئېل‌خاقان دۇنيادىن
ئۆتتى، ئورنىغا ئوغلى بوكوخان خاقان بولدى.
تاڭنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىلتىماسىغا ئاساسەن
762 - يىلى بوكوخان ئۆزى قوشۇن تارتىپ تاڭ-
غا كەلدى، تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە لو-
ياڭنى ئالدى. سىجاۋيى خېبېيگە قېچىپ كەتتى.
763 - يىلى سىجاۋيى ئۇرۇشتا ئۆلدى. ئەنلۇشەن،
سى‌سىمىن باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلار ئاساسەن
بېسىقتۇرۇلدى. بوكوخان 763 - يىلى ئۇرغۇن ئول-
جا بىلەن ئورخونغا قايتىپ كەلدى ۋە تاڭ مە-
لىكىسى شاۋنىڭگوغا ئۆيلەندى.
ئۈچىنچى قېتىم، تاڭ خاندانلىقىدا موھىم
ئورۇن تۇتقان ئۇيغۇر بوكوخەيىن 764 - يىلى
ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر خاقانلىقى، تۈبۈت خان-
لىقىدىن بولۇپ بىر نەچچە يۈز مىڭ قوشۇننى
باشلاپ كېلىپ، جاڭئەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بول-
دى. بۇ چاغدا تاڭ سەركەردىسى گوزىي رەھبەر-
لىكىدىكى ئۆمەك كېلىپ، ئۇيغۇر سەركەردىسى
قۇچ قولۇق توتۇق ياغلا قار (بوكوخاننىڭ ئو-
كىسى) بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇرلار بى-
لەن تۈبۈت خانلىقىنىڭ تاڭ پادىشالىقىغا قارشى
تۈزگەن ھەربى ئىتتىپاقىنى پارچىلاپ، ئۇيغۇر خا-
قانلىقى بىلەن تاڭنىڭ دوستانىلىق ئالاقىسىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۈبۈت قوشۇنلىرىغا قارشى
ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا مۇيەسسەر بولدى. بۇنەھ-
ۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن، يۈز مىڭ كىشىلىك
تۈبۈت قوشۇنى نىڭشادىكى لىڭۋۇ دېگەن جايغا
چېكىندى. ئۇيغۇر سەركەردىسى قۇچ قولۇق تو-
تۇق ياغلا قار تېكىننىڭ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى، 765-
يىلى قاتتىق قىشتا تۈبۈت قوشۇنلىرى جايلاش-
قان لىڭۋۇ دېگەن جايغا يېقىنلاپ كەلدى. قۇچ
قولۇق توتۇق ياغلا قار دەھشەتلىك قار شىۋىر-
غان بولۇپ تۇرغان كېچىسى، تۈبۈت قوشۇنلىرى
چېدىرلاردا ئۇخلاۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ھوجۇم قى-
لىپ، تاڭ ئاتقىچە تۈبۈت قوشۇنلىرىدىن ئەللىك
مىڭنى ئولتۈرۈپ، قالغان ئەللىك مىڭنى ئەسىرگە
ئالدى. بۇ شانلىق غەلىبىدە ئۇيغۇرلار بىر مىل-
يوندىن ئارتۇق تۆگە، ئات، كالا، قوي
ئولجىغا ئېگە بولدى.
بۇ ياردەم ئۈچۈن تاڭ خاندانلىقى ئۇيغۇر-
لارغا يۈز مىڭ توپ شايى ھەدىيە قىلغان ئىدى.
«توققۇز ئۇيغۇر خاقانلىقى يادىكارلىقى» ۋە
«دۆلەتنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرى» ناملىق تارى-
خىي يىلنامىلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئاي تە-
ڭرىدە قۇت بولمىش بىلگە خاقان
ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇيغۇر خاقانلى-
قى قىسقا بولسىمۇ ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر ھا-
لەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىدى. بۇ خاقان ئىك-
كى يۈز مىڭ ئاتلىق قوشۇن ھازىرلاپ، 810- يى-
لى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمىدا يا-
شايدىغان، ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىدىن باش تارتقان
قىرغىزلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ئاي تەڭرى-
دە قۇت بولمىش قۇچ بىلگە خاقان قىرغىز-
لارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ ئۇزىگە
بوي سۇندۇردى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆت-
مەي لابەشىبالىقنى بېسىپ ئالغان تىبەتلىكلەر ئۈس-
تىگە باستۇرۇپ بېرىپ، تۈبۈت قوشۇنلىرىنى تار-
مار كەلتۈردى. ئارقىدىنلا كوچارغا قاراپ ماڭ-
دى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا تۈبۈتلىكلەر كوچارنى
قورشاپ ئالغان ئىدى. قانلىق جەڭلەردىن كې-

يىمىن تۈبۈت قوشۇنلىرى قارا شەھەر تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئۇيغۇر ئاتلىقلىرى ئارقىسىدىن بوراندەك قوغلاپ بېرىپ، ھازىرقى ئەشمە ياكى چەرچى ئەتىراپىدا تۈبۈت قوشۇنلىرىنى تار-مار قىلدى. بەشبالىق، كوچار قاتارلىق جايلاردىن تۈبۈت قوشۇنلىرىنى تازىلىشى غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدىكى خەلق ئارا يولنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت بەردى. بۇ يالغۇز ئورخون دولىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن غەرب ۋە شەرق ئەللىرى ئۈچۈن رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ خاقان كوچار، بىشبالىق ئەتىراپىدىكى غەلىبىلەردىن كېيىن ئورخۇنغا قايتىپ كەتمەستىن قەشقەر ئارقىلىق فەرغانىغىچە باردى، فەرغانەدىكى ئىتائەتتىن باش تارتقان ئىسيانچىلارنىمۇ بويسۇندۇرۇپ قايتتى.

رىۋايەتتە: «تەڭرى بوكوخاقانغا ئۈچ قۇش ئىنئام قىلغان ئىكەن، بۇ قۇشلار نۇرغۇن دولەتلەرنىڭ تىللىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن» دېگەن سوزلەر بار. بۇ ئوز چېگرىسىنى ئىلى ۋادىسىدىن ئارال دېڭىزىغىچە، ئوتېكىن تاغلىرىدىن سەددىچىنى سېپىلىغىچە سوزغان چوڭ ئىمپېرىيەنىڭ دىپلوماتىيەسىنى كورسەتسە كېرەك. ئۇنىڭدا شۇنداق چىۋەر تاشقى سىياسەت دىپلوماتىيەسى بولمىسا، ئۇ شۇنچىلىك كەڭ تېررىتورىيەنى ئىگەللەپ، ئوتتۇرا ئازىيادا 200 يىل ھوكۇم سۈرەلمىگەن بولاتتى.

رىۋايەتتە: «...بوكوخان نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، كوپلىگەن ئەسىرلەرنى ئېلىپ، ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا قايتىپ كەپتۇ، شۇ يەردە ئوردۇبالىق ناملىق بىر شەھەر بىنا قىپتۇ...» دېگەن جۈملىلەر بار. بايانچۇرخاقان ئالىق قىلغان مەزگىلىدە (747 ـ 759 يىللاردا) سېلىنگا دەريا بويىغا «چوغۇي بالىق» شەھىرىنى بىنا قىلغان. بۇ شەھەر قۇرۇلۇشىغا سەمەرقەنت ئۇستىلىرى، تاڭ بىناكارلىرى كېلىپ قاتناشقان.

بوكوخان خاقان بولغان مەزگىلىدە ئورخون دەرياسى بويىغا يېڭى خان ئوردىسى ئۈچۈن شەھەر بىنا قىلغان، بۇنى تارىخىي ماتېرىياللاردا «ئوردوبالىق» دەپ ئاتايدۇ. «دولەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى» ناملىق يىلنامىنىڭ 226 ـ جىلتىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بوكوخان تولىمۇ مەغرۇرلىنىپ كېتىپ، ئېرسىن دەرياسى بويىدا (ھازىرقى نىڭشانىڭ غەربىي شىمالىدا) بىكەلەر ئۈچۈن مەخسۇس «خاتۇنبالىق» دېدىگەن بىر شەھەر بىنا قىلىپ، بۇنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك نەقىشلەر بىلەن بېزىگەنلىكى مەلۇم.

خۇلاسە قىلغاندا، «بوكوخان رىۋايىتى»نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ئۇ، رىياللىق بىلەن چوڭقۇر سۇغىرىلغان.

رىۋايەتتە ئەكس ئەتكەن رىياللىق ناتورالىزىم تۈسىنى ئالغان رىياللىق بولماستىن، بەلكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تىپىكلەشتۈرۈش قانۇنىيىتى بويىچە رىياللىقنى يۇقۇرى دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرگەن. ئورخون ئۇيغۇر دولىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىنى ئوز ئىچىگە ئالغان 80 يىل ئىچىدە 11 خاقان ئوتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بوكو خاقان مەركىزى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. رىۋايەت سيۇژىتىنىڭ مەركىزىدىمۇ ئەنە شۇ بوكوخان تۇرىدۇ. سيۇژىت لىنىيىسىمۇ ئاساسەن، بوكوخاننى چورىدىگەن ھالدا ئورخون دولىتىنىڭ مۇشۇ مەزگىلىدىكى ھەل قىلغان ئەڭ يىرىك مەسىلىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى زور تەپەككۇر كۈچى بىلەن تىپىكلەشتۈرۈپ، ھەجىمى ئىككى بەتكە يەتمەيدىغان دائىرىگە سىغدۇرىدۇ. شۇڭا بۇ رىۋايەتنى ھەقىقەتەن خەلق ئەقىل-پاراستىدىن تۇغۇلغان ھېكمەت دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر دولىتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى 825 ـ 845 يىللىرىغىچە بولغان 20 يىلنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر خاقانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئاخىرى، ئېچىنىشلىق ھالاكەتكە

دۆچ كېلىدۇ. بۇ دەۋرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخون دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىككىنچى بىر رىۋايىتى «كوچ» دەپ ئاتالغان رىۋايەت ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

بۇ دەۋرىدە تەڭرى ئۇلۇغ بولمىش قۇچ بېلىگى خاقان (ئىسمى ئازار تېكىن)، ئاي تەڭرى قۇت بولمىش قوچقۇلۇق بېلىگى خاقان (ئىسمى خوتېكىن تېكىن)، ئىدىقۇن ـ كاسارتېكىن (839ـ 840ـ يىللىرىغىچە)، ئۇكى تېكىن ـ ئۇكى خان قاتارلىق كىشىلەر ھاكىمىيەت باشقۇرغان.

821 ـ يىلى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇچ بېلىگى خاقان ئالەمدىن ئۆتىشى بىلەنلا، ئۇيغۇر ئورخۇن دولىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش تەغدىرى باشلىنىدۇ. چۈنكى، مۇشۇ خاقاندىن باشلاپ ھاكىمىيەت نەسەپ نامىسى بۇزۇلۇپ، شۇ دەۋرگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى ئاۋانگارد، ئەڭ جەڭگىۋار قەبىلە ياغلا قار (ياغما) سولالىسىدىن ھاكىمىيەت ئارىز (دىۋاندا: ئازىس) قەبىلىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ئىچكى ھاكىمىيەت تالىشىش باشلىنىپ كەتكەن ئىدى.

ھاكىمىيەت بېشىغا ئارىز تېكىن چىقىشى بىلەنلا، ئىچكى ھاكىمىيەت تالىشىش يالقۇنى لاۋىلداپ يېنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ، خوتېكىن خاقان بولغان چاغدا بۇ ئىچكى ئۇرۇش يالقۇنى راسا ئەۋجىگە چىقتى. ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن ئارىز تېكىننىڭ ئورنىغا خاقان بولغان خوتېكىننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ۋەزىر ئارچىن قۇچ، سەيگا تېكىنلەر بىرلىشىپ ئىسيان كوتۇرۇشكە ھازىرلاندى. بۇنى سېزىپ قالغان خوتېكىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغانلارنى ئۆلتۈردى. بۇ ئەھۋال يۈز بەرگەندە ۋەزىر قارا بولۇق (839ـ يىلى) دەرھال، خاقانغا چوڭ قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلدى. جەڭدە مەغلۇپ بولغان خاقان ئامالسىز قالغىنى ئۈچۈن ئۆز ئۆزىنى ئۆلتۈردى. غەلىبە قىلغان قارا بولۇق، ئىدىقۇتنى خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. شۇ يىلى ئۇيغۇر خاقانلىقىدا تەبىي ئاپەت يۈز بېرىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋەيران بولدى، ئاچارچىلىق باشلاندى. ئاچارچىلىقتا ئۆلگەن ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، نۇرغۇن ئادەم قىرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىشلىقى ناھايىتى قېلىن قار يېغىپ، چارۋا ماللار قىرىلىپ كەتتى. خەلق ئۆي-ماكانىدىن ئايرىلىپ، سەرسان-سەرگاندانلىقتا قالدى. ئىچكى ئۇرۇش تېخىچە توختىمىغان ئىدى.

«كونا تاڭ يىلنامىسى قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭ يىلنامىسى قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە» باپلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش بولغان يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ تىلى، يېزىقى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، چاچلىرى قىزغۇچ، كوزلىرى كۆك، چىرايلىرى ئاق سوزۇك ئىكەن. 8 ـ ئەسىردە يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ ئاھالىسى 600 مىڭ بولۇپ، يۈزمىڭغا يېقىن ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە، دېيىلگەن.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يوقىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان قىرغىزخانى ئازى ئۇيغۇر ئورخۇن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۆزى ئورخون ۋادىسىغا خاقان بولۇشقا قەتئىي بەل باغلىدى. ئۇ ھەتتا، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ بارگاھى ئالدىغا كېلىپ:

«سىلەر ئەندى تۈگەشتىڭلار! مەن سىلەرنىڭ ئالتۇن چېدىرىڭلارنى (خاقانلىق چېدىرىنى) يىقىتىۋېتىپ ئالىمەن. چېدىرىڭلار ئالدىغا ئات ئوينىتىپ بېرىپ، تۇغۇمنى قادايمەن. قارشى چىقىدىغان بولساڭلار ھازىرلا كېلىڭلار!... قارشى چىقمىش قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. چاپسان كوزدىن يوقۇلۇڭلار!...» دىگەن. بۇنىڭدىن قىرغىز خېنىنىڭ خائىنلىق، سۈيىقەستلىك پەيلىنى ۋە ئىچكى بۆزغۇنچىلىقنىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك قۇد-

رەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس بولمىسا كېرەك. ئىچكى بۇزغۇنچىلىق، پۈتۈن ئورتا ئازىيانى تىترەتكەن ئۇيغۇر ئورخون ئىمپىرىيەسىنى قانچىلىك ئىچىنىشلىق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان- ھە؟! بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىچكى خائىنلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق رولى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. دەل مۇشۇ مەزگىلدە (840-يىلى) ئۇيغۇر سەركەردىسى قولۇق باغاخاقانلىقنىڭ ھەربى سىرىنى قىرغىزلارنىڭ خېنى ئازىغا مەلۇم قىلدى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن قىرغىزلار قىرغىز سەركەردىسى ئاپا باشچىلىغىدا، يۈزمىڭ قوشۇن بىلەن ئۇيغۇر ئورخون دولىتىنىڭ مۇقەددەس پايتەختى قارابالغۇسۇنغا ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە، قارابالغۇننى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئوت قويۇپ، غەزىنىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. ئۇرۇشتا قەھرىمان ئۇيغۇر دولىتىنىڭ ۋەزىرى قارابولۇق قۇربان بولدى. ئامالسىز قالغان ئۇيغۇر خاقانلىغى مەركىزىنى خاقانلىقنىڭ غەربى قىسمىغا —تەڭرى تاغلىرى (تيانشان) نىڭ ئېتەكلىرىگە كوچۇرۇشكە مەجبۇرى بولدى.

ئۇيغۇر ئورخون خاقانلىغىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۆلپەتلىك سەۋەپلەر «كوچ» رىۋايىتىدە تىپىكلەشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ رىۋايەتتە «بۇكوخان ھەققىدە رىۋايەت» كە قارىغاندا شامانىزىم كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن.

تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئېتىقات قىلغان دىنىنىڭ بىرسى شامانىزىم. ئۇ، تۈركى خەلقىنىڭ بىۋاستە مىفالوگىيەسىگە ئاساسلىنىپ مەيدانغا كەلگەن دىندۇر. شامان سوزى سانىسكىرىتچە «سىرامانا»دىن ئېلىنغان بولۇپ، تۈركچە قام دېيىلىدۇ.

شەرق ئۇيغۇرلىرى شامانىزىم دىنىغائېتىقات قىلاتتى. خاقانلىقنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا، بۇددىزىمغا ئىشىنەتتي. شامانىزىم ئەڭ قەدىمى دىنلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىقاتىچە، پۈتۈن ئالەمگە بىر خۇداھوكۇمرانلىق قىلىدۇ. خۇدا ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقۇرى قەۋىتىدە تۇرىدۇ. ياخشىلىق ئىلاھى ئاسماندا تۇرۇدۇ، يامانلىق ئىلاھى يەرنىڭ ئاستىدا تۇرۇدۇ. ئىنسانلار بولسا،يەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇدۇ. يامان ئادەم ئولگەندىن كېيىن دوزاققا كىرىدۇ، كىشلەر جەننەتكە كىرمەكچى بولسا،ئوزىنىڭ ئاسماندىكى ئاتا-بوۋىسىنىڭ ياكى شامان راھىپلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن چىقالايدۇ. كىشلەرئاتا-بوۋىسى بىلەن بېرىش- كېلىش قىلماقچى بولسا، يەنىلا شامان راھىپلىرى—پىرخۇنلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ ئېتىقات قىلاتتى.

شامان دىنىدا ئەڭ مۇقەددەس ئىلاھى «كوك تەڭرى» «يەر، سو ئىلاھلىرى» ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاغ ھەممىدىن مۇقەددەس ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۇلۇغ ئىلاھ «كوك ئاسمان»غا يېقىن تۇراتتى. شۇڭقۇربانلىقلارمۇ، ئۇلۇغ بېتىملارمۇ ئەنە شۇ ئۇلۇغ تاغ چوققىسىدا قىلىناتتى. توركى خەلقلەر يوقۇرقى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن پۈتۈن تاغلارنى «قۇت تاغ» دەپ ئاتايتتى. يونانلىقلار: ئولۇمپىسنى، ھىندىلار : ھىمالايانى، ئەرەپلەر: ئاراپاتنى ئۇلۇغ-مۇقەددەس، دەپ ھېساپلىغىنىدەك، توركى خەلقلەر «ئالتاي» تېغىنى مۇقەددەس ھېساپلاپ،ئۇنى،ھەتتا، ئوزلىرى يارالغان بىر ئاتا سۈپىتىدە قاراپ، ۋەتەنىنىڭ سىمۋولىمۇ دەپ توناتتى. شامان دىنى ئېتىقادى بويىچە، ئېغىر ئاياق ئايالالار ۋە باللارنىڭ ھامىسى ھېساپلانغان «ئوماي» ئاتلىق ئىلاھمۇ بار ئىدى.

شامان ئەقىدىسى بويىچە ئۇيغۇرلار جەڭگە ماڭغاندا قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئاق بوزئاتنى سېلىپ هايداپ يۈرەتتى. ئېيتشلارغا قارىغاندا، ئاق بوز ئاتقا جەڭ ئىلاھى «سولدى» مىنىپ ماڭىدىكەن. يەنە شۇنىڭدەك بەزى تارىخىي رىۋايەت-

لەرگە قارىغاندا، «مانىس» ئاتلىق غەلىبە ئىلاھمۇ بولغان. شۇڭا 840- يىلى قىرغىزلار ئۇيغۇر خاقانلىقىنى يەڭگەندە، ئۇز خېنىنى مانىس «غەلىبە ئىلاھى» دەپ ئاتاشقان.

762- يىلى بوكوخان ئەنلۇسەن-سى سىمىن ئىسيانىنى باستۇرغاندىن كېيىن، لوياڭ شەھىرىدە توت مانى راھىبى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئۇ، ئۇيغۇر خاقانلىقىدا سىياسى، ئىقتىسادىي ساھەلەردە مۇھىم رول ئوينىغان سەمەرقەند توركلىرىنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 763- يىلى ئۇز دولىتىگە قايتقاندا، بومانى راھىپلىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. مانى دىنى شۇندىن باشلاپ خاقانلىقنىڭ شەرقى قىسمىغا تارىلىپ، ھەتتا دولەت دىنى دەرىجىسىگە كوتۇرۇلگەن.

ئەھۋالىنىڭ شۇنداقلىقىغا قارىماي، «كوچ» رىۋايىتى يەنىلا شامان دىنى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ، ئۇيغۇرلاردا شامان دىنى ناھايىتى ئۇزاق ھوكۇم سۇرۇپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر.

«كوچ» رىۋايىتى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بوكوخان رىۋايىتىنىڭ ئىككىنچى ۋارىيانتى سۇپىتىدە ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇن قوشقان.

رىۋايەت مۇنداق باشلىنىدۇ: «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇرلار كوپيۇيۇپ كۇچلەندى. تۇغلا سىلىنگا دەريالىرىنىڭ بەركىتى سايىسىدە بەختىيار ياشىدى. بىر كۇنى، بۇ ئىككى دەريا ئارىسىدىكى بىر دەرەخنىڭ ئۇستىگە كوكتىن زەڭگەر نۇر چۇشتى. (بۇ، شامانىزىم بەلگىسى) بۇ نۇر ئەتراپىنى ئايلارچە يورۇتتى، ھەر تەرەپكە مۇڭلۇق نەغمىلەر ئاڭلاندى. ئەڭ ئاخىرى، دەرەخنىڭ گەۋدىسى يېرىلدى. ئىچىدە بەش تەكچە كورۇندى. بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن بوۋاق ئۇخلاپ ياتاتتى. بۇلار ئاسماندىن چۇشۇرۇلگەن مۇقەددەس باللار ئىدى (بۇ جۇملىدە شامانىزىم ئوچۇق تۇس ئالىدۇ). ئۇيغۇرلار بۇلارغا ئىسىم قويۇشتى... ئەڭ كىچىكى بوكوخاننى ئۇزلىرىگە خاقان قىلىۋالدى. بوكوخان دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ بەختىيار ھايات كەچۇرگەن باياشات دەۋرى بولدى.» رىۋايەتنىڭ بۇ قىسمى ئۇيغۇر ئورخۇن دولىتىنىڭ بىر پۇتۇن گۇللەپ ياشنىغان تارىخى دەۋرىنى تىپىك ھالدا تولۇق ئەكس ئەتتۇرگەن، بۇ قىسمى بوكوخان رىۋايىتى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئەمما، بوكوخان دەۋرى تېخىمۇ ئىخچاملاشتۇرۇلغان. جۇملىدىن، رىۋايەت توتېمىزىم ئىلمېنتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، تولۇق شامانىزىم تۇسىنى ئالغان.

رىۋايەتنىڭ قالغان قىسمىدا (كوچ رىۋايىتىنىڭ) ئورغۇن دولىتى ھالاكىتىنىڭ سەۋەپلىرى، ئۇنىڭ جەريانى ناھايىتى ئىخچام بايان قىلىنىدۇ. «كوچ» رىۋايىتى ئورخون دولىتىنىڭ تىراگىدىلىك تەغدىرىنى چوڭقۇر سىمۋوللاشتۇرۇپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئۇيغۇر مەملىكىتىدە قۇتلۇق تاغ دەپ ئاتالغان چىمەنزارلىق بىر تاغ بار ئىدى. ئۇ، ئۇيغۇر مەملىكىتىگە بەرىكەت ۋە سائادەت بېرەتتى. ئۇ تاغ ۋەتەننىڭ بىر سىمۋولى ئىدى... تاغنى، چىمەنزارلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇزى كۇلمىدى. بەرىكەت كوتۇرۇلدى. دەريالار قۇرىدى، زىمىنلار ھوسۇل بەرمەس بولۇپ قالدى....»

بۇ جايدا خاقانلىقنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى شامانىزىم تەلىماتى بويىچە «قۇتلۇق تاغ» ئوبرازى بىلەن گەۋدىلەندۇرۇپ، ئۇنى «ۋەتەننىڭ بىر سىمۋولى ئىدى...» دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، خاقانلىقنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى ئورخۇن دولىتىنىڭ تەغدىرىنىڭ كاپالىتى ئىدى. بۇ ئىچكى ئىتتىپاقنىڭ بۇزۇلىشى راستىنمۇ ۋەتەن ئىستىقبالى — «چىمەنزار

تاغلىقنىڭ بۇزۇلىشى» ئىدى. خاقان ئىچكى ئىتتىپاقى بۇزۇلۇشقا باشلىغان ۋاقتىدىكى خەلق بېشىغا چۈشمۇاتقان ئېغىر ئاقىۋەت رىۋايەتتە: «شۇندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزى كۈلمىدى... بەرىكەت كوتۇرۇلدى، دەريالار قۇرىدى. زېمىنلار ھوسۇل بەرمەس بولۇپ قالدى...» دىگەن بىر پۈتۈن ئانالوگىيىلىك ئوخشىتىشلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

خاقانلىقنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاخىرقى چېكى، خائىن قولۇق باغانىڭ قىرغىزلارغا قوشۇلۇپ كېتىشى، ئاخىرى، قىرغىزلار ھۇجۇمىدىن تار-مار بولغان قۇدرەتلىك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەيران بولۇپ، خەلقىنىڭ قاچ-قاچقا چۈشكەن ھالىتى، رىۋايەتتە: «... بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەملىكىتىدىكى پۈتۈن خەلق ۋە ھايۋانلار: كوچ!... كوچ! دەپ ۋاقىرىدى. يەر ۋە ئاسمان بۇ ئاۋازلار دەستىدىن زىل-زىلىگە كەلدى.» دىگەن چوڭقۇر تېپىكلەشتۇرۇلگەن ۋە ئوبرازلىق جۈملىلەردە ئۆز ئەكسىنى تاپقان. رىۋايەتتە بۇ كوچۇشنى ئومۇملاشتۇرۇپ «...تېخىمۇ غەرپكە، يەنىمۇ غەرپكە تۇققانلىرىنىڭ يېنىغا كوچتى.» دەيدۇ.

بۇ چاغدا خەلق 4 يونۇلۇش بويىچە كوچكەن ئىدى.

1 - تارمىقى، ئونبەش ياشلىق شاھزادە پانتېكىن باشچىلىقىدىكى ئونبەش قەبىلە بولۇپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربى، بالقاش كولىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇر قارلۇقلار ئارىسىغا بېرىپ، ئۆز قېرىنداشلىرى قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسىنىڭ باشچىلىقىدا، 870-يىللىرى، دۇنيادا داڭلىق بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى دولىتى قاراخانىلار (870-1212-يىللىرىغىچە) دولىتىنى قۇرىدۇ. بۇ دولەتنىڭ تىرىتورىيىسىگە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ھەممىسى، ئوتتۇرا ئاسىيىنىڭ بىر قىسمى، يەتتەسۇ قاتارلىق جايلار كىرەتتى. دولەتنىڭ مەركىزى بالاساغۇن قەشقەر ئىدى.

2-تارمىقى، خۇددى رىۋايەتتە ئېيتىلغاندەك، «...ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز تۇققانلىرى ياشىغان بەش بالىق شەھىرىگە كېلىپ جايلاشتى. يىگىدىن كوپىيىپ، كۆچۈيۈشكە باشلىدى. ۋەتەنلىك، خاقانلىق مىللەت بولدى...» دىگىنىدەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تۇققانلىرى جايلاشقان بەشبالىق، تۇرپان ئەتراپىدىكى جايلارغا كېلىپ ئورۇنلاشتى... ۋە ئۇ جايدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، دۇنياغا داڭلىق ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنى قۇردى (847—1375). ئۇلار، 860-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، توبوتلىكلەرنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقاردى. بەشبالىق، تۇرپاندىكى قەدىمى شەھەرلەرنى توبوتلىكلەردىن تازلاپ چىقىرىش ناھايىتى كەسكىن قانلىق جەڭلەر بەدىلىگە چۈشتى. ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ چېگىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، شەرقى جوجىۋەنگە، غەربىي كوچارغا، جەنۇبىي تەكلىماكان قۇملىقىغا، شىمالى جەنۇبى ئالتايغىچە سوزۇلاتتى. تارىخدا: خانلىقنىڭ يازلىق مەركىزى: «بەش بالىق» (ھازىرقى جىمسار)، قىشتا بولسا، قوجو (ئاستانا-قارغوجا) دا تۇراتتى، دەپ بايان قىلىنىدۇ.

3-يونۇلۇش بويىچە كوچكەن ئۇيغۇرلار توغرى شىمالغا قاراپ يۈرۈپ، گەنسۇ ئولكىسىنىڭ خىشى كارىدورىدىكى ئۆز تۇققانلىرىغا كېلىپ قوشۇلدى. ئۇلار 872-يىلى گەنجۇنى بېسىپ ئېلىپ خاقانلىق قۇردى (870—1125). 1073-يىلى ساندىلىدىن سوڭ خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەلچىلىرىدىن سوڭ پادىشاسى سوڭ شىنزوڭ خاقانلىقتىكى ئاھالە سانىنى سورىغاندا، ئەلچى: ئاھالە ئۈچ يۈزمىڭ بولۇپ، ئىككى يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇنىمىز بار، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى.

4-جەنۇبى يۇنىلىش بويىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ تەغدىرى خۇددى «كوچ» رىۋايىتىدە كورسۇتۇلگەندەك «...تەڭرىنىڭ لەنىتى ئىدى. بۇ، ئۇيغۇرلار قەدرىنى بىلمىگەن يۇرتلىرىدىن قوغلانماقتا ئىدى... ئەمما قەيەرگىلا چۇشۇپ قونسا، بۇ «كوچ!...» ئاۋازى ئۇلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى...» دىگەن تراگدىيىلىك تەغدىرگە دۇچ كەلدى.

«تاڭ يىل نامىسى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» باپىدىكى ۋە «دولەت باشقۇرۇش تەدبىرلىرى» دىگەن جۇڭگو يىل نامىلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، خىبى، سەنشى ئولكىلىرىنىڭ شىمالىغا يىقىنلاپ كەلگەنلەرنىڭ سانى ئۇچيۇزمىڭ بولۇپ، ئۇلار ئۇرخۇن دولىتىنىڭ ئاخىرقى خاقانى (841-845) ئوكى تىكىنىنىڭ رەھبەرلىگىدە كىلىۋاتاتتى. بۇ ساددە، غەيرەتلىك، بەختسىز خاقان تاڭ پادىشالىغىنىڭ بىشىغا ئىغىر كۈن چۇشكەندە (بولۇپمۇ، ئەنلوسەن ئىسيانى ۋە تۇبۇتلىكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەندە)، ئۇيغۇرلار ھەربى ياردەم ئارقىلىق تاڭ پادىشالىغىنى خەۋپ-خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ: «ئەندى بىزگە ئىغىر كۈن كەلگەندە، ئۇ ياردەم بەرسە، خاقانلىقنى ساقلاپ قالىمەن» دىگەن ئويي بىلەن تاڭ پادىشاسىدىن پانا ئىزلەپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇلىرى يوققا چىقتى: تاڭ پادىشالىغى، ئۇيغۇرلارغا ھەربى ياردەم بىرىشنى رەت قىلدى.

تاڭ پادىشالىغى ئوكى خاقان باشچىلىغىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئازدۇر-كوپتۇر ئاشلىق بەرگەندىن تاشقىرى (بۇنىمۇ بۇرۇنقى ئات سودىسىدا ئارتىلىپ قالغان قەرىزى بەدىلىگە بەردى)، ھىچ نەرسە بەرمىدى. قىرغىزلار كەينىدىن قوغلاپ ھۇجۇم قىلسا، تاڭ پادىشالىغى ئالدىدىن ھۇجۇم قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار توبوتلىكلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇنى ئاز دىگەندەك، ئىچكى جەھەتتە ئوكى خاقانىنىڭ ئىنىسى ھورمۇز تىكىن ۋەزىر چىچىن قاتارلىقلارنى ئولتۇرۇپ 2200 دىن ئوشۇق ئادەمنى باشلاپ تاڭ پادىشالىغىغا تەسلىم بولدى. جەنۇپقا كوچكەن ئۇيغۇرلاردىن چور تىكىن ۋەزىر چىچىن ئولتۇرۇلگەندە، ئۇنىڭ يىتەكچىلىگىدىكى 7000 تۇتۇن ئۇيغۇرنى ئوزىگە ئەگەشتۇرۇپ، شەرققە قاراپ يۇرۇپ، ھازىرقى خىبى ئولكىسىنىڭ شەرقى شىمال تەرىپىدىكى شىۋەلەر بىلەن بىرلىشىپ، بىيجىڭ ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلدى.

بىيجىڭدا تۇرۇشلۇق تاڭ پادىشاسىنىڭ ھەربى ۋالىسى: جاڭ جۇن ۋۇ، نايىل چۇرتىكىن باشچىلىغىدىكى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. 7000 تۇتۇن (تەخمىنەن 40 مىڭ كىشى)دىن ئىبارەت ئۇيغۇرلار تاڭ پادىشاسىغا تەسلىم بولدى.

ئوكوخاقان نايىل چور تىكىننى ئولتۇردى. جەنۇپقا قاراپ كوچكەن ئۇچيۈزمىڭ ئۇيغۇردىن يۈز مىڭى قالدى. بۇلار ئوكوخان باشچىلىغىدا ھازىرقى شەنشى ئولكىسىنىڭ داتوڭ شەھىرى ئەتراپىغا يىقىنلاپ كەلدى. تاڭ پادىشالىغى ئوكوخاندىن ئات ئىلىپ كىلىپ ئاشلىققا تىگىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئوكوخان بۇ تەلەپنى رەت قىلىپ، داتوڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، تاڭ پادىشالىغىغا تەسلىم بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋا ماللىرىدىن بىر نەچچە تۇمەن ئات ۋە كالىلارنى قولغا چۇشۇردى. 843-يىلى تاڭ پادىشالىغى قوشۇنلىرى ئوكوخاننى مەغلۇپ قىلدى. شۇ جەڭدە تاڭ پادىشالىغى قوشۇنلىرى مەلىكە تەيخونى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. مەلىكە تەيخو 822-يىلى ئۇيغۇرلار خاقانى تەڭرى ئۇلۇغ بولمىش كۇچلۇك بىلگى خاقانغا ياتلىق قىلىنغان 4-تاڭ مەلىكىسى ئىدى. ئوكوخان قىچىپ كەتتى، ئۇنىڭ باشچىلىغىدىكى ئۇيغۇرلار چىچىلىپ ئارانلا ئۇچ مىڭغا يىقىن كىشى

قالدى. 846- يىلى ئۇيغۇر ۋەزىرى مەيىن چۇر-تېكىن ئوكى خاقانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئېنەن تېكىننى خاقان قىلدى.

ئېنەن خاقانىنىڭ تەغدىرىمۇ ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولدى. 848- يىلىغا كەلگەندە، جەنۇپقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 500 چە قالدى. مۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئېنەن خاقان بېكىسى قارلۇق، ئوغلى دوس تېكىن قاتارلىق 9 كىشىنى ئېلىپ خۇپىيانە ھالدا غەرپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى... تارىخى يىل نامىلاردا خاقان تەغدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. خاقان ئوكى تېكىن باشلاپ جەنۇپقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىچكى بۆلۈنۈش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئۇرۇشلار، دۈشمەنلەرنىڭ توختىماي بەرگەن زەربىلىرى ئارقىسىدا پۈتۈنلەي ھالاك بولدى. نەتىجىدە ئوكى خاقانىنىڭ خاقانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈمىدى ئوخشاشلا بەربات بولدى.

ئەنە شۇ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھالاك بولۇش تەغدىرى تارىخىنى ۋە 4 يۆنىلىش بويىچە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاخىرقى تەغدىرى ۋە ئۇنىڭ سەۋەپلىرىنى ئاران بىر بەتلا كېلىدىغان «كۆچ» رىۋايىتى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرالىغان. بۇنىڭدىن، رىۋايەتتىكى ۋەقەلىكنىڭ ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرگەن تىلىنىڭ تېپىكلىك جەھەتتە قانچىلىك يۇكسەك دەرىجىگە كۆتىرىلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تامامەن مۇمكىن. شۇڭا، «بوكۇخان ھەققىدە رىۋايەت»، «كۆچ» رىۋايىتىنى ئۇيغۇر ئورخۇن دۆلىتىنىڭ بەدىئى ئوبرازى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

يۇقۇرقى ئىككى رىۋايەت ئاكادېمىك بارتولدنىڭ: «تارىخى ۋەقەلەرنىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش ۋاقتىدا ھەر زامان كورۇلۇۋاتقان بىر مۇنچە مۇبالىغە-خىياللىرى ھېچساپقا ئېلىنمىغاندا، موڭغۇللار رىۋايىتىدە ئېنىقلىغا سىغمايدىغان ھېچنەرسە يوق» دېگەن سوزىنى تەستىقلەيدۇ.



# ئىككى شېئر

ھەجەر قادىر

## قارغۇجا كەلدى

تۈن ـ كېچە، ئاسمان قارا پەردىدەك،
تالادا پېقىرار قۇيۇن ۋىژىلداپ.
ئۆيدە ئولتۇرىمەن بېسىپ ۋەھىمە،
ئوچتى چىراق، ئوچتى مانا پىلىلداپ...

ئۆي ئىچى قاراڭغۇ گوياكى گوردەك،
ئىزلىسەم سەرەڭگە تاپالمىدىم ھېچ.
يۈرىكىمنىڭ قانچىلىك سىقىلار دوستۇم،
ئولتۇرساڭ زۇلمەتتە كوز يۇمماستىن تېچ...

گۈلدۈرلەپ گۈلدۈرماما سۈردى بۇلۇتنى،
ئاتتى تاڭ، زەر توكتى كوكتە نۇرلۇق كۈن.
ياڭرىدى ناخشا-كۈي مەلە ئىچىدىن،
ئىخ، شۇنچە جاراڭلىق، شۇنچىلىك جۇشقۇن.

خوشاللىق ئىچىدە چىقتىم تالاغا،
سايرايتتى سوكەتتە بىر قۇش ۋىچىرلاپ.
كەپتۇ ئاھ، قارغۇجا، سۆيىنىپ جىنىم،
خۇددى شات بالىدەك كەتتىم تېپىرلاپ.

## ئۇدەك

بىلمىدىم، ئۇدەكنىڭ قەلبى ئوتمىدۇ،
كورىمەن ھەممىگە سۇدىلا ئۇنى.
قىلمايدۇ ھەتتا قىلچىمۇ پىسەن،
دەھشەتلىك جۇدۇن، قەھرىتان سوغنى.

ھايات ئوخشايدۇ بىر ئېقىن سۇغا،
بەزىدە ئىللىق، بەزىدە سوغاق.
مەنمۇ ئۇدەكتەك، ئەشۇ ئېقىندا،
ئۈزىمەن دائىم، يۈرىكىم قايناق.

## ئوغلۇم ئارزۇسى

تۇخان مەھەممەت

ئوغلۇم نەبىجان تېخى بەش ياشتا،
ئوقۇپ پەۋنىر بولىمەن، دەيدۇ.
ھەر كۈن سەھەردە يۇيۇپ يۈزىنى،
ساغلام ئېقىلغا تولىمەن، دەيدۇ.

ياساپ قەغەزدىن ھەرخىل ئويۇنچۇق،
بارچىنى ھەيران قىلىمەن، دەيدۇ.
جېڭاڭجۇن بولۇپ قوغداپ ۋەتەننى،
ياۋىنىڭ كوكسىنى تىلىمەن، دەيدۇ.

ئېسىپ مىلتىقنى، قىلىدۇ سالام،
قىسىمغا ئەندى كېتىمەن دەيدۇ.
ئومۇلەپ بەزەن تۇتۇپ گىرانات،
پوتەينى ۋەيران قىلىمەن، دەيدۇ.

قاراپ ئوغلۇمنىڭ قىلىقلىرىغا،
دېدىم: ساغلام ئوس، ساڭا ئىمكان بار.
ئوغلى ۋەتەننى قوغدىسا شۇنداق،
ئانىسى نېچۈن بولماسۇ بەختىيار.

# قانداق قىلاي زامانداش

(ساتىرا)

قاسىم سىدىق

قولۇمدا بار لوما سائىتىم،
ئۇستىلىمدە ئاندىن يوغىنى.
كىچىكىمەن خىزمەتكە دائىم،
ماڭا زادى نىمە بولغىنى؟
ئوتتۇز مىنۇت،

قىرىق بەش مىنۇت...
دەپتەر توشۇپ كەتكەن رەقەمگە.
كىچىكىپ ھەم كۆتلەپ ئىش تاشلاپ
قالدىم بولا ـ بولماس لەقەمگە.
«ئەمەت كىچىكتى»، «ئەمەت دۈشەنبە»
شۇنداق سوزلەر تەگدى زىتىمغا.
قىلاتتىمغۇ دائىم قانائەت،
دادام ئازلاپ قويغان ئىتىمغا.
ھەمىمە ئىشنىڭ سەۋەپ ـ ۋەجى بار.
بىكاردىنلا كىچىكمەيمەندە.
ياق دىمەيمەن چىلىلسا مەيگە،
ئوزۇم بەكمۇ كوڭۇلچەك «بەندە».
بىزنىڭ ئويۇن چىقار ئەۋجىگە،
مەزناخۇنۇم ئىيتقاندا ئەزان.
يانغان چاغدا بامداتتىن خەقلەر،
ئولتۇرۇشتىن قايتىمەن لەرزان...
دەيدۇ باشلىق ماڭا شۇ كۈنى:
«نىمانچىلا كوپ بۇ كىچىكمىش؟»
ئاڭا جاۋاپ بولىدۇ پەقەت،

سەت ھىجىيىپ، تاماكا چىكمىش.
كىچىكىشنىڭ جاۋابىمۇ شۇ،
سەۋەبىمۇ ئاسانەن شۇنداق.
سورارسىلەر: خىزمەتكە كۆتلەپ
كېلەلمەستىن قالسەن قانداق؟
ھەر شەنبىدە بىرىمىز مەشرەپ،
ھەر بىرىمىز نوۋەت بويىچە.
يەكشەنبىدە تۈزىمىز سورۇن،
ئاشخانىدا، تاكى تۈنگىچە.
ياسالغانمۇ ئادەم پولاتتىن؟
دۈشەنبىگە قالغايمۇ قۇۋۋەت؟
مەن چۈشۈمەن خورەككە سەھەر،
«ئاران كەلدى ھىلىمۇ نوۋەت!»
سوئال قويار باشلىق ئەتىسى:
«يولداش، يەنە نىمە بولدىڭىز؟»
«ھەي...، ـ دەيمەن ـ دە، مۈگىلىنىپ بىردىن، ـ
كەپنى تېشىپ بىكار قىلدىڭىز.
قازا قىپتۇ قارالى، تۈنۈگۈن
سەرادىكى يېقىن تۇققىنىم.
نامزىغا ئۇلگۈرۈپ چىقتىم،
ياخشى بولدى دەرھال ئۇققىنىم.
باشلىق دەيدۇ: «بۇ يىل سىلەرگە
زادى قانداق ئاپالاكەت كەلدى؟!
ساناپ كورسەم بەش ئاي ئىچىدە

تۇققانلاردىن ئونبەشى ئولدى؟!
«نىمە ئامال، ھورمەتلىك باشلىق،
خۇدا ئالسا بەرگەن جېنىنى.»
جاۋابىم شۇ، باشلىق بىچارە
غىلڭ قىلمايدۇ يۇتۇپ دېمىنى.
بىراق، گۈلشەن كورسە قەيەردە،
قېچىپ يۇرەر مەندىن يىراقلاپ،
بىر كۇنى كەچ توسۇپ يولىنى،
سەۋەبىنى ئالدىم سوراقلاپ.
دىدى گۈلشەن: «قويۇڭچۇ ئەندى،
شۇنداقمىدى بىزنىڭ شەرتىمىز.
يۇزۇمنى يەر قىلدىڭىز بۇگۇن،
كارخانىدا «ئاتاق – داڭقىڭىز»
يەنە ئولۇپ قالمسۇن ئەتە،
بىرەر – يېرىم قېرىندىشىڭىز.
باشلاپ كەلسە شۇنچە ھازىنى،
قاملىشامدۇ بىزنىڭ ئىشىمىز؟!
كېتىپ قالدى گۈلشەن بۇرۇلۇپ،
قانداق قىلاي دەرتكە – پىراققا.
قېنى ئەندى نىجاتچىم قەدەھ،
ياھۇ، دىدىم، كىردىم قاۋاققا.
ئىچەڭ ئەگەر ئەلەم ئۇستىگە،
خېلى ئوبدان ئىچىدىكەنسەن.
قىزىشقاندا خىزمەتمۇ بىر گەپ،
جېنىڭدىنمۇ كېچىدىكەنسەن.

باردىم يەنە سىشەنبە كۇنى،
ئىدارىغا سۇلتىيىپ ئاستا.
باشلىق مىقتەڭ قادالدى شۇندا،
لېۋىن چىشلەپ دىدى ھەم ئاستا...
— يەنە نىمە گەپ؟
— بىر توققىنىم...
— راست ئەمەسمۇ تولا ياش توكۇپ،
كوزىڭىزنىڭ قېچىپتۇ خۇنى.
ئاسان ئەمەس ھازىدار بولماق،
رەڭگىڭىزنىڭ قالماپتۇ قېنى.
بېرىڭ ئەندى كەلمەڭ بۇياققا،
ئولگەنلەرنىڭ يىلى توشقىچە.
كېسەللەرنى يوقلاڭ، ساقايتىڭ،
ھەپتىدە بىر ھازا تۇتقىچە....

كۈتمىگەنتىم بۇنداق گەپنى ھېچ،
تەرگە چومدۇم ئايلاندى بۇباش.
كەتتى ئامەت كەينى – كەينىدىن،
ئەندى قانداق قىلاي زامانداش؟!

## ئېيتىمەن ناخشا

ئەيسا ھەيدەر

ۋەتىنىم، قوينىڭدا ئوسمەكتىمەن شات،
مەردپەت يولىدا تاشلاپ قەدەمنى.
پارتىيە بەرگەن بەختىمنى كۇيلەپ،
قولۇمغا ئالدىم پولات قەلەمنى.

شەپقىتىڭ، ۋەتەن،گويا زور دېڭىز،
ئوغلۇڭمەن، ئاتىغان ساڭائومرۇمنى.
شەنىڭگە تىنماي ئېيتىمەن ناخشا،
سەن بىلەن تاپتىم گۇزەل بەختىمنى.



سىدراك. ئېفدىموۋا (بۇلغارىيە)

مېنىڭ بۇ يېزىغا پاتمىغىنىم تەس بولۇپ قالدى. ئۇلار مېنى چېپىلغاق، ئاغزىنىڭ تۇۋىقى يوق، كەلسە- كەلمەس سوزلەيدۇ، دىگەن سەۋەپلەر بىلەن ئىشتىن بوشىتىۋەتكىلى 3 ئاي بولدى. مەن ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدە ئۇزۇم ئۈزگەندە، باغ باشقۇرغۇچىنىڭ بىر نەچچە يەشىك ئۈزۈم ئوغۇرلىغانلىغىنى كورۇپ قالدىم. بۇ ئىش ئاغزىمدىن چىقىپ كېتىپ، ئىككىنچى كۇنىلا قوغلاندى بولدۇم. ئاشخانىدا ئاشپەزلىكمۇ قىلدىم. بەزىلەرنىڭ يۇمۇلاق گوش قىيمىغا بولكا ئۇۋۇغىنى ئارىلاشتۇرۇپ، گوشنىڭ يېرىمىنى ئاشۇرۇپ قىلىپ ئويلىرىگە ئېلىپ كەتكىنىنى كورۇپ قالغىنىم ئۈچۈن ئاشخانىدىنمۇ ھەيدەلدىم. كېيىن، كونسېرۋا زاۋۇتىدا ئىشلىدىم. زاۋۇتتا ئەسكى بولۇپ تۇلكا ۋە سېسىغان مىۋىلەر ھەممە يەردە قالايمىقان تاشلىنىپ ياتاتتى، بۇ ھەقتە بىر نەچچە ئېغىز سوز قىلىپ قويغىنىمغا بۇ ئىشتىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم. چېپىلغاق دىسە دىيىشىۋەرسۇن، دۇنيانىڭ قويىنى كەڭ، مەن پاتقىدەك بىر ئورۇن چىقىپ قالار، سەۋىر قىلىپ تۇراي، دىگەن نىيەتكە كەلدىم. يۇرتداشلىرىم مېنى ئاخماقلارچە ئىش قىلىدۇ، كىم بۇ ئوت قۇيرۇقنى ئىشلەتسە شۇنىڭ جېنىغا ۋاي، ئوزىگە ئارامچىلىق يوق، دەپ سوز- چوچەك قىلىشقا باشلىدى. ھەممە يەردە ھەر خىل پىتنە- پاسات گەپلەر پىشانەمگە قويۇلىدىغان بولدى. پۇلۇممۇ تۈگىدى. ئوي ئىگىسى تاماق بىلەن قامداپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ ھەر ۋاق تاماقتىن ئىلگىرى جوزىغا كېلىشكە نومۇس قىلاتتىم. پېۋا زاۋۇتى، خۇمدان، مال سارىيىغىمۇ باردىم. ھەممىسى مېنى ئالمىدى. پەقەت خاكىدىلا بوش ئورۇن بولۇپ، مېنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلمىدى. لېكىن، بىر قىز يەرنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قاراڭغۇلۇقتا قانداقمۇ ئىشلەر، دىگەنلەرنى ئويلىغىنىمدا ئىختىيارسىز تەنلىرىم جۇغۇلداپ كېتەتتى. ھەرقېتىم مەھەللىنى ئايلىنىپ يۈرگىنىمدە، كىشىلەرنىڭ باشلىرىنى يەقىن ئەكىلىشىپ كوسۇرلاشقىنىغا كوزۇم چۈشەتتى. بۇ خەق بىلەن ھەجەپمۇ خوشۇم قالمىدى. مانا، چوپ چېپىش ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. ئوبدان ئىشلەيدىغانلا بولسا، ئىش دىگەن تېپىلىدۇ. مەن بىر ئىشچان ئادەممەن، ئاپتاپتىن قورقمايمەن. قۇياشنى ئۈستۈمگە تاشلىۋەتسىمۇ، ئۇنى تۇتۇپ ئالالايمەن. ئاياللار دۇيى، تارازىدىن ئوتكۈزۈش ئورنى، يەم- خەشەك مەيدانلىرىنىڭ ئادەمگە ھاجىتى چۈشمىدي. ئەڭ ئاخىرى، دۇيىدىن مېنى سار-

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

كو بىلەن ئىشلەشكە، ئۇنىڭ بىلەن قارا ماشىنىغا چوپ بېسىشقا تەقسىم قىلدى. مەن تۆۋەندە چوپ سۇنۇپ بېرىدىكەنمەن، ئۇ يۇقۇرىدا چوپ باسىدىكەن. ساركونىڭ يېنىغا بارامدىكەنمەن، بوپتۇ! ساركو بىر زەربىدار ئىدى، كىشىلەر ئۇنى ماختىشاتتى. ھەر قېتىمقى مۇكاپاتتىن قۇرۇق قالمايتتى. شۇنىسى، مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، بۇ يىگىت «ياخشىمۇ سىز» دەپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى ئالدىمغا كېلىپ:

— ھېچكىم سەن بىلەن بىللە ئىشلەشنى خالىمايدۇ. مەن ھەم شۇنداق. سېنى ئەۋەتكەن ئىكەن رەت قىلىشقا ئامالسىز مەن،— دېدى. ئۇ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنى خۇددى ئامبۇر بىلەن كېلىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىۋاتقاندەك، ئاستا سۆزلەيتتى. ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ، كۆڭلۈمدە سۆيۈنەتتىم، چۈنكى ئاخىرى ئىش تاپقان ئىدىم. مەن ئۇنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن پىرەنىك، قەن- گېزەك ئېلىپ كەلگەن ئىدىم، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا، بۇ يېمەكلىكلەرگە تەگمىدىم. ئىشنى باشلىۋەتتۇق. مەن قۇرۇق چوپنى بىر ئارا- بىر ئارىدىن ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرەتتىم، ئۇ يۇقۇرىدا تۇرۇپ تېخىمۇ يوغان بىر ئارا بىلەن مەن سۇنۇپ بەرگەن چوپنى ئېلىپ ماشىنىغا باساتتى. دەسلىۋىدە چارچىمىدىم، ئىشنىمۇ تېز قىلدىم. كېيىنگە كەلگەندە، مەن چوپنى يىغىشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ سۇنۇپ بەرگىنىمدە، ئۇ دەرھال ئېلىۋالماي ئەتەي، توختىۋالاتتى. ئاراتۇتقان قوللىرىم سىقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى. چاڭ-توزاڭ شۇقىراپ چۈشەتتى، كۆزلىرىمگە توپا توشۇپ كېتەتتى. شۇندا مەن:

— نىمىشكە چوپنى ئېلىۋالمايسەن!— دەپ تووۋلايتتىم، ئۇ يەنىلا چوپنى ئېلىۋالمايتتى، مەن چوپنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىككى قولۇمدا ماغدۇر قالمايتتى. ئارىنى ئەندىلا قوياي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ، چوپنى سۇنۇپ بەر، دەپ تووۋلايتتى.

كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش ئوتتەك قىزدۇراتتى، ھاۋا ئىسسىپ، ۋىژ- ۋىژ ئاپتاپ باشلاندى. ساركو يانچۇقىدىن بىر گېزىتنى چىقاردى- دە، يېرىمىنى يىرتىپ قالپاق ياسىدى، قالغان يېرىمىنى يانچۇقىغا سالدى.

— گېزىتىڭدىن بەرگىن، مەنمۇ قالپاق ياساۋالاي،— دېدىم.

ئۇ جاۋاپ بەرمىدى، پۈتى بىلەن ماشىنىدىكى چوپلەرنى يىغىشتۇرماقتا ئىدى. كۈن بارغانچە ئىسسىشقا باشلىدى. خۇددى قۇملۇقتا قالغاندەك، كۈن نۇرىدا كاۋاپ بولاي دەپ قالدىم. بەختىمگە يارىشا، بۇ چاغدا ساركومۇ ئاستىلاپ قالدى. ئىككى قولۇم خېمىردەك بوشاپ، قىلچە ماغدۇر قالمىدى. ئارىنى كۆتەرسەملا قولۇمنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ قالاتتى، كۈن راسا قىزىغاندا، ساركو كۆچىگە كېلىپ، خۇددى ماشىنىدەك ئىشلىگىلى تۇردى. ئۇنىڭ بىردە ئېڭىلىپ بىردە تۈزلىنىپ، چوپنى ماشىنىغا شۇنداق تېز بېسىۋاتقانلىقىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. مۇنداق ئىسسىققا قانداق چىداۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. مېنىڭ مېڭەم زىڭىلداشقا باشلىدى، ماشىنىغا يۆلىنىپ بىر دەم تۇرغۇم كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى مېنى تېشىپ ئۆتىدىغان مىققا ئوخشاش، ماڭا قادالغان ئىدى. ماشىنىدىكى چوپ ئېگىزلىگەنسېرى، مەن سەكرەپ تۇرۇپ چوپ سۇنۇپ بېرەتتىم، ئۇ، چوپنى ئېگىلىپ تۇرۇپ ئالاتتى، چوپنىڭ چىڭ بېسىلغان- بېسىلمىغىنى بىلەن كارى بولماي، بىراقلا يۇقىرىغا تاشلايتتى. مەن ئېگىشىپ چوپ يىغاتتىم، كۆزلىرىمدىن ئوت چىقىپ كەتسىمۇ، يەنىلا جاھىللىق بىلەن ئىشلىدىم. ئۇسسۇزلۇقتىن ئىچى- قارنىمغا ئوت كەتتى، تامىقىم قۇرۇپ، ھوشۇمدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە ئاز قالدىم. سۇ ئېلىپ كېلىشنى ئۇنتىغان ئىكەنمەن. ئەتراپ پۈتۈنلەي ئېگىزلىق، بىر تامچە سۇمۇ تاپقىلى بولمايتتى.

— ساركو، — دەپ چاقىردىم، — ماڭا بىر ئاز سۇ بەرگىن!

ئۇ، خۇددى ئاڭلىمىغاندەك، سۇمۇ بەرمەي، سوز قىلماي، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشلەۋەردى، مەنمۇ ئامالسىز ئىشلەۋەردىم. پۈتۈن ئەزايىم ئاغرىپ، قىلچە ماغدۇرۇم قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىزىم قۇرۇپ، كوزۇم قاراڭغۇلاشتى. قولۇمدىكى ئارىنى ئاران- ئاران قىمىرلىتاتتىم. لېكىن، ساركو دىگەن بۇ مەرەز خۇددى پۈت-قولى يەرگە تەگمىگەندەك تېز ئىشلەيتتى. چارچاشنىمۇ بىلمەيتتى. كوز ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە — چوپ ئارا، ماشىنىلارنىڭ تۇرقى ئوزگىرىپ، غۇۋا كورۈنەتتى. مەن مىخانىك ھالدا ئېگىلىپ، تۇزلىنىپ چوپ سۇنۇپ بېرەتتىم، بەل ۋە قوللىرىم سىزىمنى يوقاتقان بولسىمۇ، يەنىلا توختىماي ئىشلىدىم. تەرسا مىجەزىم مەدەت بەرمەكتە ئىدى. ئاخىرى ساركو رۇسلىنىپ چاۋاك بىلەن ئىشارە قىلدى ۋە:

— چۇشلۇك تاماق يەۋالايلى، - دىدى تىۋۋلاپ.

مەن شۇئان ئوزەمنى چوپ ئۈستىگە تاشلىدىم. ھېچنىمە يىگىم كەلمەيتتى. ساركو مەندىن يىراقلاپ بېرىپ، بىر چوپ دوۋىسىنىڭ سايىسىنى دالدا قىلىپ ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ شۇئۇپلاپ تاماق يەۋاتقانلىغىنى، توختىماي چاينىپ يۇتىۋاتقانلىغىنىلا كورۇپ تۇراتتىم. ئاخىرى ئۇنىمۇ ئېنىق كورەلمىدىم. كوزۇم ئۇيقىغا كەتتى.

— ئورنىڭدىن تۇر!

ساركو ئىگىشىپ مېنى تۇرتتى. مەن تېخى بىر دەقىقىنىڭ ئالدىدا كوز يۇمغاندەكلائىدىم. ئولگەندەك ئۇيقۇ بېسىپ تۇراتتى.. راسا بىر كېرىلىۋالدىم.

— كورگەنسەن، مەن بىلەن بىللە ئىشلىيەلمەيسەن، - دىدى ئۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا، - ئەندى قايتىپ كەت!

ئۇنىڭ بۇ سوزلىرىنى ئاڭلايدىغان كىمكەن! مەن خۇددى قارماققا ئوخشايمەن، بىر يەرگە شۇنداق ئىلەشتىممۇ، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئاجرىمايمەن. يا ساركو مېنى چارچىتىپ ئولتۇرىدۇ يا مەن ئۇنى بويسۇندۇرىمەن. مەن ئۇنىڭغا ئىچ-ئىچىمدىن ئوچ بولۇپ كەتتىم.

— ھەددىڭدىن ئاشما، — دىدىم مەن. غەزەپ بىلەن، چىشىمنى چىشلەپ ئورنىمدىن تۇردۇم. ئوگە-ئوگىلىرىم ئاجراپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. ھەرقانچە قىلسامۇ بېلىمنى تۈزلىيەلمىدىم، بەل ۋە قوللىرىم سىقىراپ قاتتىق ئاغرىيتتى، بېشىم ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ماڭا خۇددى ھاقارەتلىمىگەندەك تۇيۇلۇپ، غەزىۋىم تېخىمۇ ئورلىدى. مەن ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم، غەيرىتىمگە ئېلىپ دەلدەڭشىگەن ھالدا چوپ دوۋىسىگە قاراپ ماڭدىم. قولۇمنى ئارىغا سۇنغىنىمدا، يىقىلىپ چۇشكىلى تاس قالغان بولسامۇ، ھەر ھالدا ئارىنى تۇتىۋالدىم، داۋاملىق، ماشىنىغا چوپ سۇنۇپ بەردىم. كۈن ئوتتەك قىزدۇرۇپ، ئۇسسۇزلىقتىن بەك قىينالدىم، بۇ يەردە ئولۇپ قالماي دىسەم، ئۇنىڭغا يول قويۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

— ئازراق سۇ بەرگىن! - دىدىم مەن چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىپ.

ئۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، ماشىنىغا چوپ دوۋىلىمەكتە ئىدى، مېنىڭ بىلەن قىلچە كارى بولمىدى. قارىمامدىغان بۇ بېشىڭنى يەيدىغان مەرەزنى! تىلىم ھەم كۆپۈشۈپ ھەم كۆيۈشۈپ، ئۇيقۇ باسقان كوزلىرىم ئېچىلماي قالدى. كالپۇكلىرىم يېرىلىپ كەتتى، شۇ يوسۇندا يەنە بىر سائەت ئوتتى، ھېلىقى خوشۇم يوق مەرەز بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ:

— مانا سۇ، - دىدى.

سۇ قاچىسىنى سۇنۇپ بەردى. ھەققەتەن

جىگىرىم يوق ئىكەن، يەنە ئازراقلا ماغدۇرۇم بولسا، بۇ سۇ قاچىسىنى بىر ئېتىپ پاچاقلىۋەتكەن بولاتتىم. قاتتىق ئۇسسىغانلىغىمدىن ئاغزىمدىن شور ئورلەپ كەتكەن ئىدى. سۇقاچىسىنى شارتتىدە ئالدىم-دە، بىر كوتەرگەنچە قۇرۇغدىۋەتتىم. بەك ئىتتىك ئىچكەنلىگىم ئۈچۈن، قوسۇغۇم ئازراق ئاغرىشقا باشلىدى. ساركو ماڭا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن مەسخىرە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

قوسۇغۇم تولغاپ ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئورنۇمدىن تۇردۇم. چوپنى يىغىپ كوتۇرۇپ ئېلىپ بەردىم. جاھىل مىجەزىم ماڭا مەدەت بېرەتتى. جايىللىغىم تۇتىدىغان بولسا ھەر قانچە قىلىپمۇ ياندۇرغىلى بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ كەچ كىرگىچە ئىشلىدۇق. بىر قارا ماشىنا بىزنى مەھەللىگە ئاپىرىپ قويدى. ساركونىڭ سۆيگىنى لېئىنىچ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ماڭا بولەكچىلا سەپ سېلىپ قاراپ كەتتى، سەپ سالساڭ سېلىۋەرمەمسەن! ئويگە قايتىپ ئوزەمنى كارۋاتقا تاشلاشقا ئارانلا ئۈلگۈردۈم.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۇستەل سائىتىنىڭ جىرىڭلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئەمگەك يەنە باشلاندى. يەنىلا ساركو بىلەن ئىشلىدىم. ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويمىدى، گەپ - سوزمۇ قىلمىدى، ھەتتا «ئەتىگەنلىگىڭىز ياخشىمۇ؟» دەپمۇ قويمىدى. خۇددى ئۇنىڭ بەدىنىگە ماتور ئورنىتىپ قويغاندەك، دان ئايرىش ماشىنىسىغا ئوخشاش توختىماي ئىشلەيتتى، بەئەينى پورژۇن بىلەن قوراشتۇرۇپ قويغاندەك بىمالال ئىشلەيتتى، ھەرگىز توختاپ قالمايتتى. مۇكەممەل بىر ماشىنا ئىدى! ساركونىڭ ئىككى قولى خۇددى تارازىدەك ھەر بىر ھەركىتى ئولچەملىك، ئىنتايىن دەل ئىدى، خىزمەتتە زادى يېڭىلىشمەيتتى. ئولتۇرۇپ ئارام ئالمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن ھەجەپمۇ خوشۇم قالمىدى. تۇنۇگۇندىن بۇيان پۇتۇن بەدىنىم سىقىراپ ئاغرىيتتى. بۈگۈن سۇ ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپمۇ ئولتۇرمايتتىم. مەن چىقىپ - چۈشۈپ تۇرىدىغان ئېغىرلىق كوتىرىش ماشىنىسىغا ئوخشاش بىر ئىڭىشىپ بىر تۈزلىنىپ چوپ سۇنۇپ بېرەتتىم. ھەر قېتىم ئىككى قولۇمنى تۈۋەنگە چۈشۈرگەندىكى كىچىككىنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارام ئېلىۋالاتتىم. ھاسىراپ دەم ئالالماي قالسامۇ، قولۇم ئىشتىن توختىمايتتى.

— سەن مەن بىلەن ئىشلىيەلمەيسەن، قايتىپ كەت! — دېدى ساركو.

مەن ئۇنىڭغا سەپ سېلىپ قارىدىم. بۇ مەرىز ھەقىقەتەن بەستلىك ئىدى، ئىككى بىلىكى خۇددى ئىككى تال لىمغا ئوخشايتتى، بويۇن تومۇرلىرى كوپۇشۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېشىل كوزلىرىدىن مېنى ھاقارەتلەۋاتقاندەك قورقۇنۇچلۇق نۇر چاقناپ، ئۇنىڭ ماڭا قانچىلىك ئوچ ئىكەنلىگىنى ئىپادىلەيتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئوچ ئىدىم.

— ھەددىڭدىن ئاشما! — دەپ بىر تووۋلاپ قويدۇم-دە، بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ ئىشلەۋەردىم. بۈگۈن مەن سايىۋەن قالپاق ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. ئۇ، ئەندى مېنى قىينىيالمايتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولدى، ھەر قايسىمىز بىردىن چوپ دوۋىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇق. ئارىلىغىمىزنى ئات ئارقانىدىغىدەك چوڭ بىر پارچە چوپ ئېگىزى ئايرىپ تۇراتتى. مەن ئۆگىدىگەن ھالدا تاماق يەيتتىم. دۇرۇس، مەن تاماقنىمۇ، ئويقىنىمۇ قولدىن بەرمەسلىك ماھارىتىنى ئىگەللىۋالدىم. بىردىنلا ساركو ئۇدۇلۇمغا كېلىپ:

— يوقال كوزۈمدىن، مەن لېئىنىچ بىلەن ئىشلەيمەن، — دەپ تووۋلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن قورقۇنۇچلۇق ئىدى.

پىسەنتمۇ قىلمىدىم، خۇددى مەڭدەپ جويلىگەندەك:

— ھەددىڭدىن ئاشما، — دەپ تىللاپ قو-
يۇپ، تامىغىمنى يەۋەردىم. مەن تاماقنى نا-
ھايىتى ئاستا يەيتتىم، بىر چىشلەم تاماق بىلەن بىر
يۇتۇم سۇ ئىچەتتىم، بولمىسا كېلىمگە تۇرۇپ قا-
لاتتى. تۇرۇپ ئۆگدەپ قالاتتىم، تۇرۇپ كوزۇم-
نى ئېچىپ قوياتتىم. بىردىنلا، بىر قىزنىڭ مەن
تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كوردۇم-دە، ھەيران بو-
لۇپ كوزلىرىمنى يوغان ئاچتىم. بۇ لېنىنچ ئى-
دى. بۇگۇن ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ياسانغان،
گۇللۇك جىيەك تۇتقان كوفتا، گۇللۇك يوپكا كىي-
گەن ئىدى. ئۇنىڭ نايناقلاپ مېڭىشلىرى خۇد-
دى بىر گۇزەل سۇرەتكە ئوخشايتتى. مەھەللىدىكى-
لەرنىڭ ئۇنى ئەڭ چىرايلىق دېيىشى راستىنلا
بىكار ئەمەسكەن. ئۇ يېنىمغا كەلگەندە قەدىمى-
نى توختۇتۇپ، ماڭا سەپ سالدى. ماڭا قاراپ
ئاغزىنى دومسايتىپ قويدى، مەنمۇ ئاغزىمنى دوم-
سايتىپ قويدۇم. كالپۇكلىرىم قۇرۇپ يېرىلىپ
كەتكەچكە، ئاغزىمنى دومسايتىشىمغىلا قان ئېقىپ
چۇشتى. قولۇم بىلەن ئېيتقان ئىدىم، ئاغزىم
قىپ - قىزىل قانغا بويالدى. لېنىنچ پىخىلداپ
كۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۇلكە ئاۋازىمۇ خۇددى
ساركونىڭكىگە ئوخشاش ھاقارەتلىگەندەك تۇيۇل-
دى. ئۇنىڭ كۇلۇۋاتقىنىنى كورۇپ ئىنتايىن ئو-
ڭايسىزلاندىم. يۇزلىرىمنى سۇرتىۋەتمەكچى بول-
دۇم. لېكىن، يۇزىمدىكى توپا شۇنداق قېلىن
ئىدىكى، تومۇر كۇرەك بىلەن قىرمىسا بولمايتتى.

— سەن تېخىچە بۇ شال پاخىلىنى ھەي-
دىۋەتمىدىڭمۇ؟ — دېدى لېنىنچ. مېنى خۇددى بىر
نەرسە چېقىۋالغاندەك، بۇرۇلۇپ ئۇلارغا قارىدىم.
ئۇ قول ياغلىقى بىلەن ساركونىڭ پېشانىسىدىكى
تەرلەرنى سۇرتىۋاتاتتى. ساركو:

— ھەيدىۋەتەلمىدىم، — دېدى ئاۋازىنى سو-
زۇپ. لېنىنچ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەل-
دى ۋە:

— سەن قاچان كوزدىن يوقۇلۇپ، باشقى-
لارنى تىنىچلاندۇرىسەن؟ — دېدى ئۇ يۇمشاق ۋە
ياساlma ئاۋازدا.

— ھەددىڭدىن ئاشما! — دېدىم مەن توۋ-
لاپ، شال پاخىلىنى ھەيدىۋەتكىلى بولامدىكەن.

بۇ سوزلەر ئاغزىمدىن بىر بوغۇم - بىر
بوغۇمدىن بولۇنۇپ چىقتى. سوزلەپ بولۇپلا تا-
مىغىمنى يەۋەردىم. ئۇنىڭ يۇزلىرى شەلپەردەك
قىزىرىپ، زورىغا كۇلۇپ قويدى ۋە بۇرۇلۇپ مې-
ڭىپ كەتتى. لېكىن، مەن ناھايىتى ئازاپلاندىم.
كوڭلۇمنىڭ يانچۇغىدىن كىچىككىنە بىر ئەي-
نەكنى ئېلىپ قاراپ باقتىم. ۋايجان! راستىنلا
شال پاخىلىغا ئوخشاپ قالغان ئىكەنمەن: چې-
چىمغا چوپلەر ئىلىشىۋالغان، يۇزۇمدىكى سەپكۇل-
لەر پاقىراپ كەتكەن، بۇرنۇم قىزىرىپ، چوڭكو-
چىلاردىكى قىزىل بەلگە چىرىغىغا ئوخشاپ قال-
غان ئىدى. ئوزەم شال پاخىلىغا ئوخشاپ قال-
غان تۇرسام، ئۇنى بېسىپ چۇشمەن، دەپ نوچى-
لىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇ يەردىكى خىز-
مەتنىڭ ماڭا نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ كوڭلۇمگە
يوقۇلاڭ خىياللار كېلىپ، ئازاپ ۋە قىسىلىش
ھېس قىلدىم. لېكىن، ئادەمدە قەتئىي مىجەز بو-
لۇشى كېرەك، دېگەننى ئويلىغىنىمدا، ئورنىمدىن
دەس تۇرۇپ، بارماقلىرىمنى ھەركەتلەندۇرۇپ، ئا-
رىنى قولغا ئالدىم-دە:

— ساركو، تۇر ئورنىڭدىن! — دەپ توۋلى-
دىم. ئۇ قىمىرلىماي ئولتۇراتتى، لېنىنچ قول
ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ بويۇنلىرىنى سۇرتمەكتە ئى-
دى. ئۇلار بىلەن كارىم بولماي، ئاران بىر نى-
مىنىلەر قىلىپ، يالغۇز ئوزەم ماشىنىغا چوپ باس-
تىم. ساركو يېنىمغا يولىمىدى، ئامالسىز يېرىم
كۇن يالغۇز ئىشلىدىم.

بىر كۇنى، مەن زادىلا ئىشلىيەلمەي قال-
دىم. ساركو ماشىنىنىڭ ئۇستىدە ماڭا ۋاقىراپ-
جاقىرايتتى. ئۇنىڭ غەرىزى مېنى قىيناپ، چار-
چىتىپ ئولتۇرۇش ئىدى. مۇنداق ئوڭاي ئىش

نەدىكەن. مېنى سورەپ يۈرۈپ كاردىن چىقار-
غىلى بولمايتتى. ساركو مېنى تېزراق ئىشلىگىن،
دەپ تووۋلايتتى، ئۇنىڭ تووۋلىشى بارغانچە ئەۋج
ئالدى. مەن ئۇنىڭغا پىسەن قىلماي، قانچىلىك
ماغدۇرۇم بولسا شۇنچىلىك ئىشلىدىم. بۇ مەرەز
دۈيجاڭنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ نىمىلەرنى
دېيىشكىنى ماڭا نامەلۇم. لېكىن دۈيجاڭ ماڭا:
ئەگەر داۋاملىق ئىشقا سۇسلۇق قىلساڭ، قوغلان-
دى قىلىمەن، دىدى دوق قىلىپ. چارچىغى-
نىمدىن نەپەسمۇ ئالالماي، پۈتۈن ئەزايى - بە-
دىنىم سىقىراپ ئاغرىۋاتسا، يەنە ئىشقا سۇسلۇق
قىلغان بولامدىمەن؟ شۇندىن تارتىپ ساركو بى-
لەن كارىممۇ بولمىدى. گەپمۇ قىلمىدىم. ئوزئال-
دىمىزغا تاماق يەپ، سۇ ئىچتۇق. تاماق ۋاقتى
بولغان ھامان يىراققا بېرىۋالىدىغان بولدۇم.

مەن ناھايىتى قاتتىق ئىشلىدىم. ئىككى
مۈرەم ۋە پۈتۈن بەدىنىم قايناق سۇدا كويگەن-
دەك ئېچىشىپ ئاغرىتتى. لېكىن، ئۇ يەنىلارازى
بولمايتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم.
ئەگەر ئۇ، مېنىڭ قاراشلىرىمدىن ئۇنىڭدىن قان-
چىلىك نەپرەتلىنىدىغانلىغىمنى بىلىپ قالسا، چو-
قۇم مېنى ئۇراتتى. مەن كەچكىچە يوشۇرۇن ھالدا
ئۇنى تىللايتتىم. شۇڭا، ئۇنىڭدىن قانچە يىراقتا
تۇرسام شۇنچە ياخشى ئىدى. ھەرگىز ئۇنىڭغا
سەزدۇرۇپ قويۇشقا بولمايتتى. گۇمانخور لېكىنچ
ئەتىگىنى-ئاخشىمى كېلىپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى. مەن
شال پاخلىغا ئوخشاش تۇرسام، يەنە نىمىدىن
قورقىدىكەن تاڭ؟! بۈگۈن ئۇ، ساركوغا لىمون
سۈيى ئەكەلگەن ئىدى، يېقىنلا يەردە ماڭا چەك-
چىيىپ قاراپ تۇردى. ئەگەر ئادەم-
نى تىرىكلا كومۈۋېتىشكە بولسا، ئۇ مېنى يەتتە
قات يەرنىڭ ئاستىغا كومۈۋەتكەن بولاتتى. كو-
زىنى چەكچەيتسە چەكچەيتىۋەرسۇن، بۇ بىر جۇپكە
قارىتا مەندىمۇ ياخشى تەسىر يوق. مەن ساركونى
ئۆلۈم قاتارىدا كورمەيتتىم. ئۇنىڭغا قىلغىدەك

سوزۇممۇ يوق ئىدى. بىر كۈنى ساركو لىمون سۇ-
يىنى ئالدىمغا ئەكىلىپ:

—مە، -دىدى.

مەن ئۇلسەممۇ ئۇنىڭ بىر نىمىسىنى ئال-
مايتتىم. بىر ئېغىز سوزمۇ قىلماي، بۇرۇلۇپ باشقا
ياققا قارىۋالدىم. بۇ ھەركىتىم ئۇنىڭ كېيىنكى
خىزمەت جەريانىدا مېنى تېخىمۇ قىينىدى.

قۇرۇق چوپ ئوتتەك قىززىپ كەتتى. بىر
ماشىنا چوپىنى ئىككى سائەتتىلا بېسىپ بولدۇق.
ھېساپلاپ بېقىڭە، شۇنچە ۋاقىتتا مەن قانچە قېتىم
ئېگىشكەندىمەن؟ مىڭ قېتىم! ئاغرىق ئازا-
ۋىدىن بەكمۇ قىينالدىم. بۈگۈن لېكىنچ يەنە
ياغدا قورۇلغان كولباسا ئەكەلدى. ئىسسىق كول-
باسىنىڭ كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايدىغان مې-
زىلىك پۇرىغى كېلىشى بىلەن، نەپسىم تاقىلداپ
كەتتى. شۇ تاپتا، خۇددى ئېچىقاپ كەتكەن شىرغا
ئوخشاپ قالغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، كىممۇ ماڭا
كولباسا بەرسۇن. ئوزەم ئەكەلگەن پىشلاقنى يې-
مەكتىن باشقا نىمە چارەم بار. كۈن بەك ئىسسىپ
كەتكەچكە، يوپكامنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ، تى-
زىمگىچە قايرىپ يەلپۈپ ئولتۇرغان ئىدىم، لېكى-
نىچ كولباسىنى كوتىرىپ ئالدىمدىن ئوتۇپ كې-
تىۋاتقاندا، توختاپ تۇرۇپ:

—نىمە بولغىنىڭ، يوپكاڭنى قايرىپ سىگان-
لارغا ئوخشاشلا بولىۋاپسەنغۇ؟ ساغراڭنى ناھايىتى
چىرايلىق، دەپ ئويلايدىكەنسەندە؟ -دىدى دېمى
ئىچىگە چۈشۈپ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇئان يەنە
بىر تۈگمىنى يېشىۋەتتىم.

—مۇنداق قىلغىچە يوپكاڭنى سېلىۋالىۋەت-
مەمسەن!-ئۇنىڭغا قىلچە پىسەن قىلمىدىم. ئىچ-
ئىچىمدىن ئوچمەنلىك قوزغالدى، -تېرەڭنى شىلى-
ۋەتكىنىڭنى بىلەمدۇ، ساركونى قولغا چۈشۈرەلمەي-
مەن، -دىدى ئۇ يەنە.

ئۇنىڭ سوزى يوللۇق ئىدى. ساركونى ماڭا
ئۇنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنى قوشۇپ بىكارغا بەر-

سىمۇ ئالمايتتىم. ساركومۇ مېنى ياقتۇرمايتتى. بويۇم بىلەن تەڭ ئالتۇن قوشۇپ بەرسىمۇ ئالمايتتى. بىر-بىرىمىزگە ناھايىتى ئۆچ بولۇپ كەتتۇق، كۆڭۈللىرىمىز بىرىدە ئۇرۇشۇپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. لېكىن، مەن ساركونىڭ كولباسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، مېنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم. ئۇ، بەك تويۇپ كېتىپ يېيەلمەي قالغان ئىدى. مەن كولباسىنى ئاستا قولغا ئالدىم-دە، كۈچۈمىنىڭ بارىچە ئاسمانغا ئاتتىم. كولباسا ئىككى دوۋە چوپتىن ھالقىپ يەرگە چۈشتى. يۈزۈمدە سەپكۈلۈم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قالغان ئىشىنىدىنى يەيتتىممۇ. ئۇ، بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ مەندىن: ئۇسساپ كەتتىم، دەپ سۇ سورىدى. ئۇنىڭ سۇ قاچىسىنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى، يەنىلا ئۆز ئىشىمنى قىلىۋەردىم.

—ماڭا سۇ بەرگىن،—دېدى ئۇ، خۇشامەت قىلىپ.

ئۇنىڭغا سۇ بېرەيمۇ يوق؟ بەرمەي دېسەم، باشقىلار مېنى يامانلايدۇ، بوپتۇ بېرەي، قاقىلىپ ئۆلسۇن! مەن سۇ قاچىسىنى سۇندۇم. ئۇ، بېشىنى كۆتەردى، سۇ قاچىسىنى سىلكىنىپچە سۇ ئىچىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ماڭا خۇددى ئۇتتا كۆيگەندەك قاراپ تۇراتتى.

—راستىنلا ماڭا سۇ بېرەمسەن؟—دېدى ئۇ.

مەن گەپ-سۆز قىلماي، سۇ قاچىسىنى شارتتىدە تارتىۋالدىم. ئۇ، قارشىلىقمۇ كۆرسەتمەي، ماڭا تىكىلىپلا تۇراتتى. مەن ئۇيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆي ئېگىسى مەندىن: سەن چۆرۈۋەتكەن كولباسا قانداق كولباسا ئىدى، ساركوغا بەرگىنىڭ قانداق سۇ......؟ دېگەنلەرنى سوراشقا باشلىدى.

—مەن ئۇنىڭغا ھېچنىمە بەرگىنىم يوق،—دەپ ئۆزەمنى ئاقلىدىم، ئۈنلۈك ئاۋازدا. لېكىن، ئۆي ئېگىسى ئىشەنمىدى. لېكىنچ ھەممىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان ئىكەن، مەن يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم. مەھەللە ئەتراپىنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولدۇم. دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بېرىشىمغىلا، لېكىنچىنىڭ ئىنىسى كاپپىدە ياقامدىن ئالدى-دە:

—ئەگەر يەنە ساركوغا خۇشامەت قىلىدىغان بولساڭ، مېكەڭنى چېقىۋېتىمەن!—دېدى، مۇشتۇمىنى بۇرنۇمغا تىرەپ. ئۇ يەنە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكىلەردىن 6 ئادەمنى كەينىگە سېلىۋالغان بولۇپ، ئۇلار خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاندەك خىرىس قىلىپ تۇراتتى.

—تاماق ۋاقتىدا مەن ساركو بىلەن بىر يەردە تاماق يېمەيمەن، بىر-بىرىمىز بىلەن خۇشىمىز يوق. بىر-بىرىمىزگە يامان كۆزدە قارايمىز،—دېدىم مەن ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ.

سىرتقا چىققىنىمدا، كوپچىلىك ماڭا غەلىتە بىر خىل نەزەردە سەپ سېلىشتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسەملا:

—قاراڭلار، بۇ ئۇلگۇرنى! نىمىشكە مۇنداق قىلىدۇ؟—دەپ چۇقۇرۇشاتتى. ئۇيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆي ئېگىسىدىن سۈرۈشتە قىلدىم. ئۇ: سېنى ساركونىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ، دايىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارايدىكەن، مەھەللىدىن ئۇنىڭغا سۇ ئاپىرىپ بېرىدىكەن، دېگەن سۆز-چۆچەكلەر تارقىلىپ يۈرىدۇ. تېخى سەن ساركونىڭ كۆزىنچىلا يۆپكاڭنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىدىكەنسەن، قالپاقنى كىيىۋېلىپ ناينىقلايدىكەنسەن، كوپچىلىك شۇنداق دېيىشىدۇ، دېدى. مەن سۆز-چۆچەكتىن قورقماي، ئاۋالقىدەك ئىشقا چىقىپ، ئۇيىگە قايتىپ يۈردۈم. يولدا كىشىلەر ماڭا ھەيران بولۇپ قارىشىپ كېتەتتى.

—ھوي ئۇلگۇر! شۇنچە ياخشى يىگىتكە يېپىشىۋالغىنىنى قارىمامدىغان، يىگىت تېخى ئۇنىڭغا كولباسا بېرىپتۇ. بىچارە لېكىنچ، بۇ ساراڭ قىز قانداقلارچە سىلەردەك ياخشى بىر جۈپنى

ئايرىۋەتكەندۇ؟-دەيىشەتتى. ئۇدا ئىككى ئاخشام مەھەللىدە ۋاڭ-چۇڭ كوتۇرۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ گەپلەرنى غۇلغۇلا قىلىشتى. قاراڭلار، بۇ لىئەنچىنى، ھۇ ئەبلەخ، ئوزەڭ ھەر كۈنى ئىككى قېتىم كېلىپ تەكشۇرۇپ تۇرمىغانمىدىڭ؟

ساركو بىلەن 3 ھەپتە ئىشلىدىم. 5 كېلو ئېتىمدىن چۇشتۇم. پىژ-پىژ ئاپتاپ ۋە شامال-بورانلارغىمۇ چىدىدىم. مېنىڭ قاۋۇل بەدىنىم ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيتتى. ئىش قىلىۋاتقاندا، ساركو ماڭا غەزەپ بىلەن ھومۇياتتى. چۇنكى، مەھەللىدىكىلەر بىزنى بىر جۇپ ئاشىق-مەشۇق دېيىشەتتى. يەنە ئۇ، بېشىنى تووەن سېلىپ، ئىنتايىن ئوڭايسىزلىناتتى. بۇ ئىشلار مېنى بەكمۇ بىزار قىلدى.

—ساركو،-دەپ چاقىردىم مەن،-سېنىڭ ئوڭايسىزلانغىدەك يېرىڭ يوق. بىز يەنە بىللە ئىشلىيەلمەيمىز، ئەندى سەن كەت!

ئۇنىڭ بىلەن قانچىلىك خوشۇم يوقلىغىنى بىلسۇن دەپ، دەل ئۇنىڭ كوزىگە قاراپ تۇردۇم. ئۇ، خۇددى ھېچنىمە كورمىگەندەك، يا گەپ قىلمىدى ياكى كەتمىدى. بىز يەنە داۋاملىق بىللە ئىشلىدۇق.

لىئەنچ كۇن راسا قىزىغاندا ئېتىزغا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇ، چوپ دوۋىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بىردەم ماڭا سەپ سالاتتى، بىردەم ساركوغا قارايتتى. بىچارە ساركو يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئىشلىمەكتە ئىدى، پۇتۇن بەدىنىدىن مونچاقتەك تەر ئېقىپ، بېشىدىكى تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. بىر دەمدىن كېيىنلا ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. ئۇلارنى لىئەنچىنىڭ ئىنىسى باشلاپ كەلدى. ئۇلار بىزنى ئورىۋېلىپ خۇددى يىرتقۇچلاردەك خىرىس قىلىشاتتى. مەنمۇ قەھرى-غەزىۋىم بىلەن ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم.

جاھىللىقىم تۇتسا ھەر قانچە قىلىپ ياندۇرغىلى بولمايتتى. كوپچىلىك زۇۋان سۇرمىدى. شۇ ئەسنادا لىئەنچىنىڭ ئىنىسى ئالدىمغا كېلىپ:

—ھازىرلا جاۋاپ بەر، كېتەمسەن يوق؟-دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قاتتىق توۋلاپ.

ئۇنىڭ كوزلىرى قورقۇنۇچلۇق ئىدى، قېپ-چىپ بىرىپ چوپ دوۋىسىگە كىرىۋالغۇم كەلدى. پەقەت مېنىڭ تەرسا مىجەزىم ماڭا ئېخىمۇ مەدەت بەردى.

—ھەددىڭدىن ئاشما!-دەپ قاتتىق توۋلىدىم،-كەتمەيمەن!

مېنى ئورىۋېلىپ تۇرغانلار كۇسۇرلىشىپ، ئوزئارا كوز ئىشارىسى قىلىشىپ، جەينەكلىرى بىلەن بىر-بىرىنى نوقۇپ قويۇشتى.

—بىزنىڭ بۇ يەردە بۇزۇقنىڭ كېرىكى يوق!-دەپ توۋلىدى لىئەنچىنىڭ ئىنىسى، خۇددى مۇشلىشىدىغاندەك،-مەھەللىمىزدە قايدە-يوسۇندىن چىقىدىغان ئىشلارغا يول قويمايمىز، سېنىڭ ئەر كىشىگە يېپىشىۋېلىشىڭغا رۇخسەت يوق!

كىشىلەر باشلىرىنى لىڭشىتىپ، ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۇرۇشتى. ئۇلار ماڭا يامان كوزىدە قارايتتى، مەن ساراڭ بولۇپ قالغىلى تاس قالدىم. ساركونىڭ بىلىگىدىن كاپپىدە تۇتتۇم-دە:

—ئېيتە قېنى، مەن ساڭا يېپىشىۋالدىممۇ؟ سەن بىلەن نىمە مۇناسىۋىتىم بار؟ كوپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئېيت قېنى!-دېدىم ئۇنى قاتتىق سىلكىپ.

كوپچىلىك داڭ قېتىپ ساركوغا قاراپ قالدى. ئۇ توكرىگىنى يۇتتى، ۋە:

—مۇناسىۋەت بار!—دېدى.

بۇ سوز ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەك ئىشتىلدى! مەن نىمە قىلارىمنى بىلمەي ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا، بۇ ئەبلەخنى كوزۇم بىلەن يەۋەتەتتىم. قاراڭلار، بۇ ئالدام-

چىنى! مەن ئاغزىمنى ئاچقان ھالدا گەپ-سۆز قىلالماي تۇرۇپ قالدىم. بېشىم چىڭقىلىپ، بۇرنۇم ئېچىشىپ پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك باستى. ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتىم، غەزەپلىك ياشلىرىم يامغۇردەك توكۇلدى.

—نىمە دەۋاتىسەن؟— لېئىنىچىنىڭ ئىنىسىمۇ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

—مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىم بار. ئەندى لېئىنىچ بىلەن ياخشى بولالمايمەن، بۇ ئىشنى لېئىنچىغا ئېيتقان ئىدىم.

قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇپ ساركوغا قارايتتى، ئۇنىڭ دېمى سىقىلىپ قالغاندەك، يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆپۈشۈپ، پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. لېئىنىچ ھوڭرەپ يىغلاپ كەتتى، كۆز ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك توكۇلمەكتە ئىدى. ھوڭرىسە ھوڭرەۋەرمەمدۇ، ئۇنىڭغا ئۆلگىدەك ئۆچلىكىم كەلدى. كىشىلەر ماڭا قاراشتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوتتەك يانماقتا ئىدى.

—ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئەمەس،— دەپ توۋلىدىم،— مەن ساركوغا ئۆچ، ئۇنىڭغىمۇ مەن بىلەن خۇشى يوق!— مەن خۇددى گىياسىز چۆل داللىدا قالغاندەك، يېتىم ۋە ياردەمسىز ھالدا تۇراتتىم. كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقتا قالغان نەزىرى ۋە چاقناپ تۇرغان غەزەپ يالقۇنلىرى ماڭا يۈزلەنگەن ئىدى. كۆپچىلىك بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمايتتى، ئۇلار خۇددى مېنى بوغۇپ قويغىدەك ئەلپازدا ئىدى. لېكىن، مەن قىلچە قورقمىدىم

—ئاڭلاپ قويۇڭلار! —دەپ توۋلىدىم،ئاۋازىم بوغۇلۇپ، ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چىقاتتى،— مەن ھازىرلا كېتىمەن، خاڭغا بارىمەن. ئۇيەردە ماڭا ئورۇن چىقىدۇ!

مەن كىشىلەر توپى ئارىسىدىن چىققان پېتى يۈگۈردۈم، ئۇلارنىڭ تىل-ھاقارەتلىرى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە غوڭۇلداپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈپلا كەتسەم بولمامدۇ، دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن، مەن ئۆلمەيتتىم، ھەرگىز ئۆلمەيتتىم!

بىر ھەپتىدىن كېيىن، مەن يەنە خىزمەت تاپتىم: ۋاگونغا كومۇر قاچىلايتتىم، خاڭدا تۇنجى ئۇچراتقان ئادىمىم ساركو بولۇپ چىقتى! ئۇ بىر قاچا سۇنى ئۇزاتتى ۋە ماڭا قاراپ ئاستا كۈلۈمسىرىدى. بۇ سۆز نىمە دېگەن تاتلىق-ھە!

خەنزۇچە«چەتئەل ئەدەبىياتى»ژورنىلىنىڭ 1981-يىل 9-سانىدىن ئەركىن تومۇر تەرجىمىسى



# يۇمۇرلار

## بېخىل باينىڭ ئارزۇسى

باي، دوختۇردىن سوراپتۇ:

— مەن نېمە ئۈچۈن بۇرۇنقىدەك تاماق يېيەلمەيمەن؟

— سىزنىڭ گىرىپتار بولغىنىڭىز بەزگەك كېسىلى. بەزگەك بولغان ئادەم ئىشتىھى تۇتۇلۇپ، تاماق يېيەلمەي قالىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ چاكىرىمنىڭ ئىشتىھى بەك يامان، ئۇنىمۇ بىر ئامال قىلىپ بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ قويغىلى بولارمۇ؟

## ئالما ئۈزۈش ۋاقتى

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى باغنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلاردىن:

— ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئالمىنى قايسى ۋاقىتتا ئۈزگەن ياخشى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇئەللىم، ئالمىنى باغنىڭ ئىگىسى ئۆيدە يوق چاغدا، ئىتى باغلاپ قويۇلغان ۋاقىتتا ئۈزگەن ئەڭ ياخشى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ، بىر ئوقۇغۇچى.

## يامغۇرنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم

— يامغۇر قانچە كۆپ ياغسا، مەن شۇنچە خوشال بولىمەن.

— ئۇنداقتا سىز تازا غەم يېمەس ئادەمكەنسىز — دە؟

— چۈنكى مەن زونتىك ساتىمەن ئەمەسمۇ.

## كۈن نۇرى

— يازكۈنلىرى، ئادەتتە، قايسى ۋاقىتتا ئورنىڭىزدىن تۇرىسىز؟

— تۇنجى كۈن نۇرى دېرىزەمدىن چۈشۈشى بىلەنلا...

— ئۇنداقتا، بەك ئەتىگەن تۇرىدىكەنسىز، جۇمۇ؟

— ئانچە ئەمەس، مېنىڭ دېرىزەم غەرپكە قارايدۇ، ئەمەسمۇ.

## دوختۇر ۋە پۇل

بىر كىشى ئوغلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن تىلفون ئارقىلىق دوختۇرنى تەكلىپ قىلىپ:

— دوختۇر، سىز يېتىپ كەلگىچە بىز نېمىلەرنى تەييارلاپ تۇرساق بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پۇل، پۇلنى تەييارلاپ تۇرساڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ دوختۇر.

خەنزۇچىدىن: رەيىم يۇسۇپ تەرجىمىسى.

# چاقپى دەرياسى بويىدا

(سەنئۇن)

ئابدۇسالام سەۋرى

«يەرنىڭ ساغرىسى» دەپ نام ئالغان كۈنەس يايلاقلىرى بۇ يىل بولەكچىلا تۈس ئالغان ئىدى. «يامغۇر ياغسا، بەركەت ياغىدۇ.» دىگەندەك. باھار كېلىشى بىلەن ياققان يامغۇر كۈنەس ۋادىسىنى گىلەم ياپقاندەك گۈزەللىككە چۈمدۈردى.

چاقپى بويىدىكى تىنىپى پۈنكىتىنى كوزدىن كوچۈرۈش ئۈچۈن ئەتىگەنلا يولغا چىقتۇق. قوياش ھەيۋەتلىك تىيانشاننىڭ ئاقباش چوققىلىرىدىن كۈلۈمسىرەپ كوتۈرۈلمەكتە. تاغ قاپتىلىدىكى چوڭقۇر ساي - جىرالار كوكۈش تۇمان ئىچىدە ياتاتتى. تاغ ئارىسىدىن چىققان چاقپى دەرياسى شاۋقۇن سېلىپ ئاقماقتا ئىدى. بۇ ئۇلۇغ ئېقىن مۇزلۇق چوققىلاردىن سىرغىپ چۈشكەن سانسىز تاغ سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇ چۇڭقۇر ساي - جىرالاردىن ئۆتۈپ، گۈل - چىمەنگە تولغان كەڭ ۋادىلارغا چىقىدۇ...

دەريا ياقىلاپ كەتكەن تاش يول بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. «قىزىل تاش» دىن ئۆتكىنىمىزدە چاقپىنىڭ شوخ شامىلى شەپىلىق تاغ گىياھلىرىنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى دىماقلىرىمىزغا ئۇردى، تاغ قۇشلىرىنىڭ سايراشلىرى دەريانىڭ شاۋقۇنىغا جور بولاتتى. ئىخ! نىمە دىگەن ساپ

---

# يېتىشمىگەنلەر ئالسۇن

(يۇمۇر)

ئابدۇغېنى مەھەممەت

—ھېلىقى ئىقتىسادىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كىتاپ كەلدى، ئېلىۋالامسىز؟ سانى ئاز تۈگەپ كەتمىسۇن يەنە، — دىدى مالىيە بولۇمىنىڭ كادىرى، كاتىپقا.

—مەن سىزگە ئۆزۈندىن بېرى دەپ كەلگەنغۇ، ماڭا بىرنى بەرمىسىڭىز بولمايدۇ. ھازىر ئىقتىسادى مەسىلىلەرنى ئۆگىنىش ناھايىتى مۇھىم.

—باھاسى بىر يۈەن ئىكەن. پۇلىنى ھازىر تولىۋېتەمسىز؟

—ھوي، مەن تېخى تارقىتىپ بېرىدىغان كىتاپ چىقى دەپتىمەن. ئۇنداق بولسا يېتىشمىگەنلەر ئالسۇن...

ھاۋا، نىمە دىگەن گۈزەل مەنزىلەر-ھە!
مانا، چوڭ تاشقا يولەپ سېلىنغان» چاقپى
دەريا ئېلېكتىر ئىستانسىسى» ۋە گۈزەل قىز-
نىڭ قېشىدەك ئېگىلىپ چۈشكەن بەتۈن كوۋ-
رۈك... بۇلارنىڭ ھەممىسى چاقپىنىڭ ھوسنىگە
ھوسن قوشۇپتۇ. ئەسىرلەر بويى توختىماي ئې-
قىپ كەلگەن بۇ دەريا بىر چاغلاردا قىرغاقلى-
رىدا ياشىغۇچى ئادەملەرگە دائىما ۋەھىمە سا-
لاتتى. بۈگۈن خەلق بۇ توسۇن سۇنى يۈگەنلەپ،
ئۇنى بويسۇندۇرۇپتۇ. «سۇدىن ئوت چىقىدۇ» دىسە،
كىم ئىشىنەتتى. بۈگۈن چاقپى سۈيى شۇ ئەت-
راپتىكى بارلىق گۈڭشې، فېرما، دىخانچىلىق مەي-
دانلىرىنى يورۇتماقتا.

مەن بىلەن بىللە كېتىۋاتقان توقاڭ ماڭا
چاقپىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە سوزلەپ كەلمەكتە
ئىدى.

« ...ئۇ چاغلاردا تاغ ئىچىدىكى يوللارنىڭ-
ئاينىن خەتەرلىك ئىدى، - دەيتتى توقاڭ. - بۇ ئەگ-
رى - بۈگرى تاريوللىرىدا قانچىلىغان مال، قانچ-
چىلىغان مالچىلار غۇلاپ ئۆلمىگەن دەيسىز. بۇ
يوللاردىن ئۆتكىچە ھەر بىر يولۇچىنىڭ يۈرىگى
سۇ ئىدى. بۈگۈن مانا بۇ يەرگە ئازادە تاشيول-
لار سېلىنىدى ...»

توقاڭنىڭ ھىكايىسىنى ئاڭلىغانچە «ھاك-
تاش» قىمۇ يېتىپ كەلدۇق. دەريانى بويلاپ قا-
تار سېلىنغان ھاك خۇمدانلىرىدىن قويۇق ئىس
پۇقىراپ ئاسمانغا كوتۈرۈلەتتى. تاغ ئىچىگە قا-
راپ كەتكەن تاشيولدا قارىغاي ياغىچى باسقان
ماشىنىلار يىپقا تىزغان مارجاندەك تۈزۈلمەي كې-
لىشەتتى. ھەي، ئۇلۇغ تىيانشان! سەن باغرىڭغا
بېسىپ ياتقان بايلىقلارنىڭ سانى بارمىدۇ؟!...
پاراڭ بىلەن يولىمىزنىڭ شەرقىقە قاراپ
بۇرۇلغىنىنى سەزمەي قاپتۇق. ئوڭ تەرىپىمىزدە
پۈتۈن باغرى قارىغايلىقلار بىلەن پۈركەنگەن ئې-
گىز چوققىلار قەد كوتۈرۈپ تۇراتتى، تاغ ئېتەك-
لىرىدىكى ئىدىرلىقلار قاراتال، چېتەن، دولان
ئوخشاش دەرەخلەر بىلەن تولغان ئىدى. سول تە-
رىپىمىز قىيىن ۋە ياۋا ئالمىلار بىلەن بۈككىدە
بولۇپ تۇراتتى. ئەشۇ باراخسان باغ ئىچىدىن
ئېقىپ چىقىۋاتقان چاقپى سۈيى يىراقتىن كۆ-
مۈچتەك يالتىراپ كورۈنەتتى. بۇ يەردە تاغ گول-
لىرىنىڭ خۇشپۇراقلىرى دىماقتىن كەتمەيتتى. تو-
قايلاردا چۈرۈقلىشىپ تۇرغان تاغ قۇشلىرىغا كى-
شىنىڭ زوقى كېلەتتى. ئاھ، ئەشۇ تاغ شامىلى
بىلەن ئوينىشىپ تۇرغان يېشىل ئوتلاقلارغادۇمۇ-
لاپ، كوپكوك ئاسمانغا قارىغىنىڭچە بىردەم يېتى-
ۋالساڭ قانداق ھوزۇر-ھە!

— ئەۋۇ، كۆنگەي تەرەپتە كورۈنگەن ئاق
قۇرۇلۇشلار «چاقپى ئوتتۇرا مەكتىۋى»،- دىدى تو-
قاڭ.- ھازىر بۇ يەردە 600 دىن ئوشۇق ئوقۇ-
غۇچى ئوقۇيدۇ. ئاشخانە؛ ياتاق ھەممىسى تولۇق.
قاراڭ، كوچمە مەكتەپلەر بارا - بارا مۇقىم ئو-
قۇتۇش تۈزۈمىدىكى مەكتەپلەرگە ئايلىنىۋاتىدۇ.

— مەكتەپنىڭ يۇقۇرىسىدا تۇرغان قۇرۇ-
لۇشچۇ؟

— ھە، ئۇ بىز بارماقچى بولغان «چاقپى
تىببى پۇنكىتى». كېيىن، كېڭەيتىلىپ، گۈڭشې
دوختۇرخانىسى بولۇپ قۇرۇلماقچى،— توقاڭ شۇ
گەپلەرنى قىلىپ ھاياجانلىنىپ كەتتى،- مەكتەپ،
دوختۇرخانا ھازىر چارۋىچىلارنىڭ ئىشىگى ئالدى-
غا يېتىپ كەلدى. ئۆتمۈشتە، بۇ يەرنىڭ خەلقى
ساۋاتسىزلىق ۋە ئاغرىق - سىلاقلارنىڭ دەردى-
نى ئاز تارتقان دەمسىز...

چاقپى بويىدىكى يېڭىلىقلار مېنىمۇ ھايا-
جانغا سالدى. بۇ— ئالغا كېتىۋاتقان ۋەتىنىمىز-
دىكى ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ كىچىككىنە بىر كارتىنى-
سى ئىدى. ھەي، گۈزەل چاقپى! كەلگۈسىدە سې-
نىڭدەچوقۇم تېخىمۇزور ئۆزگۈرۈشلەربارلىققاكېلىدۇ...



جاھان تولدى گۈزەللىك، خۇشپۇراققا،
دىل سۆيۈندى نەزەر سالساق يىراققا.



قىش

سۈرەتلەرنى:

گاۋشۇ تارتقان.



سەھەر        سۈرەتنى: خۇاڭ لى شياۋ تارتقان.


**伊犁河（维文）** 1982 - يىل 1 - سان

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجا-
دىيەت ئىشخانىسى «ئىلى دەرياسى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ،
نەشر قىلدى.

«ئىلى گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
غۇلجا شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ.
مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا مۇش-
تەرى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە پارچە سېتىلىدۇ.
ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا نەشىردىن چىقىدۇ.

ژورنال نومۇرى: 75 - 58        باھاسى 0.25 يۈەن